

ISSN 1004-174




革命犧牲工作人員家屬光榮紀念證

新字第 00002 號

查黎木特里夫同志在革命鬥爭中光榮犧牲，豐功偉蹟永垂不朽，其家屬當受社會上之尊崇。除依中央人民政府「革命工作人員傷亡褒卹暫行條例」發給其家屬卹金外，并發給此證以資紀念。

中華人民共和國中央人民政府之印

主席 毛澤東

一九五二年八月八日

**ئىنقىلاپ يولىدا قۇربان بولغان خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا**
**شان ـ شەرەپ خاتىرە نامەسى**

ش . № 00002

تەكشۈرۈشىمىزچە ، يولداش ل . مۇتەللىپ ئىنقىلاۋىي كۈرەش جەريانىدا شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولغان . ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى بىلەن نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى جەمئىيەتتە ھۆرمەت ـ ئىززەتكە ئىگە بولۇشقا مۇناسىپ . مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىنقىلاۋىي خادىملاردىن ھالاك بولغانلارغا نەپىقە بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» بويىچە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا نەپىقە بەرگەندىن باشقا ، مەزكۇر گۇۋاھنامە بىلەن خاتىرىلەنسۇن .

رەئىس ماۋ زېدۇڭ

(مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تامغىسى)　　1952 ـ يىلى 8 ـ ئاي 8 ـ كۈن

تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1992 - يىل 5 - سان


# مۇندەرىجە

## پوۋېست


مەسىھ چۆلى ........................................ پەرھات تۇرسۇن 1


## «ئۈرۈمچىنى سۆيىمەن» دوكلاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر


مەرد چوكانغا ھەشقاللا (شېئىر) .............................. روزى سايىت 40
ئىككى ئايال (ھېكايە) .............................. ياسىن مىرخچىل 41


## ھېكايىلەر


غايىب بولغان بىر پاي ئاياغ .............................. تۇرسۇنئاي ئىمىن 55


## شېئىرلار


سەپەر تەرەمىلىرى .............................. ئىمىن ئەخمىدى 53
ھەسەللەر .............................. ھەسەن تىلىۋالدى 54


## شېئىر ۋە باھا


«سۆيگۈ دۇنياسى»غا قايتا باھا .............................. قۇدرەت قۇربان 59
يېڭى پىكىرگە كونا جاۋاب .............................. سىدىقھاجى روزى 61


## ئىزلىنىش، سىناق، پىشىلىق


ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تەنھا، خالمۇرات ئازات، ئابدۇ-
قادىر مىجىت .............................. 62


## ھەكرو ماقالىلەر


«ئالەمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ھەققىدە تەھلىل ... ئەخمەتجان ئوسمان 70
يازغۇچى، ئەسەر ۋە كىتابخان .............................. ئەلى ئابلىمىت 72

«مەسىھ چۆلى» ھەققىدە ...... مۇختەر مەخسۇت 74
شېئىر نېمە دەيدۇ؟ ...... مۇھەممەد سالىھ مەترۇزى 76
«گۈل» نىڭ ھەققىي قىياپىتى ...... ئېزىزجان ھوشۇر 77

## نەسرلەر

نەسرلەر ...... ئاتىكەم مۇھەممەت 78
نەسرلەر ...... ئەخمەتجان ئوسمان (كۈرەش) 79

## جۇڭگو شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەزمىلەر

شېئىرلار ...... فۇ تيەنلىن 80
پولات ھېۋزۇللا تەرجىمىسى

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

تارىمدىكى قۇياش ...... جاڭ لىڭ 82
ياقۇپ تەرجىمىسى

## چەتئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەزمىلەر

دېڭىز قەبرىستانى ...... ۋالېرى 96
باتۇر روزى تەرجىمىسى

## چەتئەل ئەدەبىياتى

ھېكايە توقۇش ...... دىئوكاندىناس 99
ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى
ئەركىن ئىسلام شېئىرلىرى ...... 101

## كىتاب سىنچىلىرىمىز

غەزەللەر ...... 102

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ...... 110

مۇقاۋا 1-بەتتە: خەلق مەيدانىدىن كۆرۈنۈش. غەيرەت مەھەممەتئىمىن فوتوسى
ۋۇسانىدىكى قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.




## پەرھات تۇرسۇن

قولۇمدا چىڭ سىقىمداپ تۇرغان كىچىككىنە، سوغۇق رومكىغا بارغانسېرى قىزىدىپ، تىپىچەكلەۋاتقان تومۇرلىرىم رېتىملىق ئۇرۇلماقتا...

ھەممىسى بەربات بولدى... مەن ئاخىرقى قېتىم ئەنە شۇنداق دەپ ھېسابلىدىم. ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىدنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. قالغانلىرى ھەممىسى ئەھمىيەتسىز ئۈمىدلەر...

ئاستا قەدەم بېسىپ كېتىپ بارىمەن. سەزگۈلىرىم پۈتۈنلەي ئۆلگەندەك، سەزگۈلەردىن ئۇچۇرسىز قالغان روھىم تولىمۇ بۇرۇختۇم، بەلكىم ئۇنى ئۆلدى دېيىشكە بولار. سەزگۈلىرىم ئەتراپىمدىكى مەنزىرىلەردىن بەكمۇ يىراقتا... مەنزىرىسىز، ئادەمسىز، ئاۋازسىز بىر دۇنياغا پالىنىپ، ئۆز روھىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان مەن ئەنە شۇ يەردە كېتىۋاتىمەن.

مەن ئەتىلا يەنە ئۆزنى كۆرەلەيمەن، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىللىق ۋە سۆزۈك لەبلىرىگە يەنىلا سۆيەلەيمەن، بىراق بۇ سۆيۈشلەر ھېجرانىدىنمۇ ئازابلىق...

ئاڭلاش سەزگۈم تۇيۇقسىزلا يىراقتىكى قىيقىرىق بوشلۇق ئىلكىدىكى بىر ئاۋاز تەرىپىدىن سۆرەپ ئېلىپ كېلىندى.

تاتلىق شىۋىرلاش... بوش كۈلكە... قاتتىق چۆچۈپ تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن ئۇلارغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم.

ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. ئۇ بەكمۇ بوش ئاۋازدا شىۋىرلىغاچقا نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالماي قالاتتىم، بىراق ئۇنىڭدىن سورىمىساممۇ، ئىنچىكە قۇلاق سالمىسام‌مۇ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى تامامەن چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرى يېنىك مۇزىكا ئاۋازىدەك ۋۇجۇدۇمغا بىۋاسىتە سىڭىپ كىرىۋېرەتتى. ئىككى گەۋدىدىكى ھېسسىيات بىر - بىرىگە چىڭ يېقىنلىش ئارقىلىق ئاۋازسىزلا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەن پات - پات ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سۆيۈشلىرىم ئارقىلىق ئۈزۈپ قوياتتىم...

ئۇدۇللا بېرىپ بىر قاۋاقخانىغا كىردىم. بۇ مەن تولا كىرىدىغان قاۋاقخانا ئىدى. قاۋاقخانا ئالدىغا كەلگەندە نېمىدۇر بىر نەرسە تۇيۇقسىز دىققىتىمنى تارتىپ قالدى. ئادەتتە بىرنەچچە ئاغىنىلىرىم بىلەن قاۋاقخانىنى كېلىشىۋېلىپ يۈرمىسىڭىزلا قاۋاقخانا ئىسمىنىڭ سىز بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى بولمايدۇ. شۇڭا قاۋاقخانىلارنىڭ ئىسمىغا دىققەت قىلىش ھاجەتسىز ئىدى. لېكىن مەن پەقەت بۈگۈن بىرىدىنلا دىققەت قىلىپ قالغىنىمغا ھەيران قالدىم. خۇددى مەن بۇرۇندىنلا بىلىدىغان، بىراق ھېلىلا ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىنى ئېسىمگە ئالغاندەك ياكى ئېسىم تۇيۇقسىزلا ئاشۇ خەت تەرىپىدىن سىرلىق ھالدا تارتىلىپ كەتكەندەك، قاۋاقخانىنىڭ بېشىدىكى يوغان يېزىلغان «ئۈمىد تۈمشۇقى قاۋاقخانىسى» دېگەن سۆزگە قاراپ قالدىم. بەلكىم مېڭەم ئازابلىق خىياللارنىڭ كۆپلىكىدىن بىرەر خىيالنى تاللاپ بولالماي قالغاچقا ئاشۇنى كۆرگۈم كېلىپ قالغاندۇ ياكى ئۈمىد دېگەن نەرسە مەن ئۈچۈن ئىنتايىن كېرەكلىك بولغاچقا (گەرچە قاراپ ئوقۇپ بېقىش خىيالىم بولمىسىمۇ) ئۇ سەزگۈلىرىمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، مېنى ئۆزىگە قاراشقا دەۋەت قىلغاندۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاڭسىز ھالدا بىرھازا قاراپ قالغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە قەدەم باستىم.

قاۋاقخانا ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كۈلكە - چاقچاقلار، پاراڭلار بىلەن تولغانىدى. تاماكىلاردىن چىققان كۆكۈش ئىسلار پاراڭ، كۈلكە - چاقچاقلار ساداسى ئىچىدە قىستىلىشىپ، ئېزىلىپ، تورۇسلارغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىكى قىزغىن مەنزىرە كۈلكە - چاقچاقلار مېنى قىستاپ، ئىتتىرىپ، بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ قويدى. جانسىز ۋۇجۇدۇم بىر شىرە ئۈستىگە ھالسىزغىنە تاشلاندى.

بۇ يەردىكى قىزغىنلىققا ماسلىشىش ئۈچۈن مەنمۇ يۈرىكىمنى ئاچچىق ھاراق بىلەن كۆيدۈرۈپ، ۋۇجۇدۇمنى قىزىتىشىم كېرەك.

مەن كۈتكۈچىگە غىزا، قورۇما ۋە ئىچىملىكلەرنى كەلتۈرگۈزدۈم. تاماقنى پەقەتلا يېگۈم كەلمىدى. قورساق ئاچ بولسىمۇ ھاراقنى ئىچىشنى باشلىدىم. ھەربىر رومكا ھاراق ۋۇجۇدۇمغا ئاستا تارىشقا باشلىدى. مەن ھاراقنىڭ بەدىنىم ئىچى-

دىكى ھەرىكىتىنى جىمجىت كۆزەتكەچ ئالدىرىماي ئىچەتتىم. ئالدىمغا سەيلەرنى كەلتۈرۈپ قويغىنىم بىلەن زاكوسكا قىلىشىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن. كۆزلىرىم رومكىدىكى مۇزدەك سوغۇق ھاراققا تىكىلگەنىدى. ئۇ گۈگۈم چۈشكەنىدىن كېيىنكى سۈزۈك ھاۋاغا بەكمۇ ئوخشايتتى.

مەن بۈگۈن ئۈنىڭغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدىم. بەلكىم مۇھەببىتىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى نەپرەتتۇر. بۇ نەپرەتلەر يۈرىكىمنىڭ بارلىق سۈزۈك قېنى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئۈنىڭغا ھەدىيە قىلىندى. مەن ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۈنىڭغا مانا مۇشۇ ئەڭ قىممەتلىك يەنى بەدەللى ئەڭ يۇقىرى نەرسەمنى ھەدىيە قىلغانىدىم.

ھاراقنىڭ قورسىقىمدا قىزدۇرۇپ ئاستا ماڭغانلىقىنى كۆزەتكەچ ئۇنى ئۈنتۇماقچى بولغانىدىمەن، بىراق ھاراقنىڭ كۈچى يۈرىكىم تەرەپكە قاراپ سىلجىۋاتقاندا ئۈنىڭ سالغان ئازابىنى تېخىمۇ چوڭقۇر سەزمەكتىمەن.

ئۈنىڭ بوش پىچىرلاشلىرى ھېلىمۇ ھېلىقى دەرەخلىك ئارىسىدا نەمخۇش ھاۋاغا ئوتتەك تەپتى بىلەن تارقاپ تۇرغاندۇ. ئۈنىڭ كۈلكە بىلەن پىچىرلاشلىرى، ئەركىلەشلىرى يىراقتا — ئاشۇ دەرەخزارلىقتا تۇرۇپ ماڭا خىتاپ قىلماقتا:

— سەن تۈگەشتىڭ!

ئەگەر ئۇ مېنى راستتىنلا تۈگەشتۈرۈۋېتەلىگەن بولسا... ئاھ! نەقەدەر ياخشى ئىدى-ھە! بىراق مەن تۈگەشمىدىم. بەلكىم تۈگىشىپ كېتەلمىگەنىدىمەن. مۇشۇ گۇمان بىلەن بىر مەھكۇملۇق مېنى قىيىنىماقتا. ئەگەر تامامەن تۈگەشكەن بولسام مەندە ئازابمۇ، شادلىقمۇ، ھېچنەرسە قالمايتتى. مەن ھەممىدىن — ئازابىمدىنمۇ، شادلىقىمنىڭمۇ پۈچىلىشىدىن بىراقلا ئازاد بولاتتىم.

مەن ئەتىلا يەنە بىر خىل سەۋدايىلارچە ھېسسىيات بىلەن ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىم، ئۈنىڭ بىلەن خالىي جايلارغا بېرىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇڭدىشىشىم، ئۇنى مۇزدەك قىزغىنلىق، ئۆلۈمدەك سوغۇق ئىشتىياق بىلەن سۆيۈشۈم مۇمكىن.

ئۈنىڭغا نەپرەتلەنگىنىمنى تەلۋىلەرچە مەھلىيا بولۇپ، تېخىمۇ ھەددىدىن زىيادە قوغلىشاتتىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى مۇتلەق خالىمايتتىم. مېنىڭ ھەقىقىي تۈگىشىشىم ئۇنىڭدىن — ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن... ئۇنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، سۆيۈشلەر ئارىلىقىدا بوش پىچىرلاپ ئەركىلەشلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشلا ئىدى. ئۈنىڭ بۇ قىلىقلىرى بەكمۇ ساپ، بەكمۇ ساددا ئىدى. ئاشۇلارغا مەستانىلارچە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ھەقىقىي نەرسە يوق ئىدى. ئۇنى سۆيۈۋاتقان ۋۇجۇدنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا پېتىنالاتتىمكى، ئۇنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىنى ساختا دەپ ئويلاشقا قۇربىم يەتمەيتتى. بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن سەممىي، چىندۇر، بەلكىم بۈگۈن ئۇنىڭ باشقا بىراۋلارغا تەقدىم قىلىۋاتقان قىلچە پەرقسىز ئاشۇ قىلىقلىرىمۇ ھەقىقەتەن سەممىيدۇر. ئۇنداق

گۈزەللىكىنى ساختا دېيىشكە كىمنىڭ پېتىنالىسۇن؟ ئۇنى ساختا دېيىشكە قەلبىمدىكى نەپرەتتىن، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېيىشىمدىن باشقا يەنە قايسى دەلىل بار بولسۇن؟!

ئۇنى سۆيۈشنىڭ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى دەسلەپتىلا ھېس قىلغانىدىم. دەسلەپ ئۇنى سۆيگىنىمدە — ئۇنىڭ قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان لەبلىرىگە لېۋىمنى ئېلىپ بارغىنىمدا، ئۇنىڭ كۆزلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى شىددەتلىك غىدىقلىنىشقا بولغان قانماس ھەۋەس بىلەن ۋەھىمىگە تولۇپ، نېمىدۇر بىر نەرسىنى سەبىرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كۆزلىرى مېنىڭ سۆيۈشلىرىم ئارقىلىق ئۆز تېنىگە جېنىنىڭ ئاستا تارقىلىۋاتقانىدىكى ئازابىنى ھېس قىلغان ھالدا تىرىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى... ئادەمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان نەرسە سۆيگۈ ۋە سۆيۈش، بىراق ئۇنىڭ ياشاش خاھىشى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى.

مەن ئۇنى تۇنجى سۆيگىنىمدە يەنە بىر قېتىم سۆيۈشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالماي قالغانىدىم. ھەتتا مەڭگۈ قايتا سۆيمەسلىككە قەسەم قىلىۋەتكىلى تاس قالغانىدىم. ئۇنى سۆيگىنىمدىكى غەلىتە سېزىم مېنى ئاشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بىراق كېيىنچە ئۆزۈمنىڭ تەشنا بولۇپ يۈرگىنىمنىڭ مۇشۇ جىمجىت، بۇرۇختۇم ھاياتتىكى دەل ئاشۇ مۆجىزىسىمان غەلىتە سېزىم ئىكەنلىكىنى كېيىن ھېس قىلىپ، ئۇنى سۆيۈشكە تەشنا بولۇپلا تۇرىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدىم. گويا ماڭا ئاشۇ مۆجىزىدەك ھېسسىياتنى پەقەت ئۇلا ئاتا قىلالايدىغاندەك، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھەققى يوقتەك ئۆزۈملا جان - جەھلىم بىلەن ئىگىلىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق مانا بۈگۈن ھېلىقى لەنىتى جايدا، لەنىتى قاراڭغۇلۇق، لەنىتى نەمخۇش ھاۋا قوينىدا مەن تامامەن ئىگىلىۋېلىشنى ئويلىغان نەرسىنى ئۇ باشقا بىراۋغا تەقدىم قىلغانىدى. بەلكىم مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا تامامەن ئىگە بولۇۋېلىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوقتۇر. بەلكىم بۇ خىيالىم بىر ئۆتكەنلىكتۇر، ئەمما بۇ يولسىز خىيالىمنى دۇنيادىكى بىردىنبىر ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانىدىم. ئۇنىڭ يوللۇق ياكى يولسىزلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپمۇ باقمىغانىدىم. بۇ لەنىتى ھېسسىياتتىن قۇتۇلۇش تەس ئىدى.

بۈگۈنلا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، مەن ئۇنى تامامەن ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئەسلىدە ئۇ تەرەپتىن ئۆزۈملا ئىگىلىنىپ كەتكەنىكەنمەن.

دائىم كوچىلاردا ياكى باشقا جايلاردا سانسىزلىغان گۈزەل ئاياللارنى كۆرۈپ دۇنيادا چىرايلىق ئاياللار نەقەدەر كۆپ - ھە دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم. دەسلەپ ئۇنى سۆيگىنىمدە يۈرىكىم پۇچۇلىنىپ كەتكەنىدى. دۇنيادىكى سانسىزلىغان ئاياللار ئىچىدە خۇددى باشقا ئايال جىنسلىق ھېچكىم قالمىغاندەك، پەقەت ئۇلا قالغاندەك، قالغان ھەممىسى تۇتقىلى، ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغان خىيالىي جىسىملاردەك ھېس قىلغانىدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ھەقىقىي مەۋجۇت ماددىغا ئايلانغاندا مەن ئەڭ دەسلەپكى «پۈتۈنلەي تۈگىمەش» ھېسسىياتىغا كەلگەنىدىم.

بىراق كېيىنچە بۇ خىل ھېسسىياتلار مەندىن بەكمۇ يىراقلاپ ياتلىشىپ كەتتى. ئۇ قايتىدىن ئۆزىنىڭ مەۋھۇملۇقى بىلەن مېنى چەكسىز تەشنا قىلىدىغان بولدى؟ ئۇ بارغانسېرى مەۋھۇملىشىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا مەن ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ، يالتىراپ تۇرغان كىچىككىنە ئوماق لەۋلىرىگە سۆيگىنىمدە، قوللىرىم، لەبلىرىم، پۈتۈن بەدىنىم، تومۇرلىرىمدىكى ئىسسىق قانلىرىم بىلەن، قىزغىنلىق قوينىدا جانلىنىپ تۇرغان نېرۋىلىرىم بىلەن ئۇنىڭ دەل ئالدىمدا، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن يېقىن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى سەزسەممۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئىنتايىن مەۋھۇم ھېسسىيات بېغىشلايتتى. باغرىمغا بېسىلغان ۋۇجۇد، لەۋلىرىمگە يېقىلغان لەۋلەرنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنەلمەي قالاتتىم.

ئۇنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت مەۋھۇملۇق مېنى ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئىنتىلىدىغان، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىپ مەندە «تۈگەشتىم...» دېگەن ھېسسىياتنى قايتا پەيدا قىلىشىنى زارىقىپ كۈتىدىغان قىلىپ قويىدى.

ئاخىرى ئۇ پۈتۈنلەي يوقالدى. مەندىن بەكمۇ يىراقلاپ، بىر خىيال، بىر چۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. باشقا ئەركەكلەرنى كۆرگەندە ئاچىيىپ شوخ چاقناپ، ئويناپ كېتىدىغان كۆزلىرى ماڭا بەكمۇ ناتونۇش بىلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنىڭ مەن ئۇنى تۇنجى رەت سۆيگەن چاغدىكىدەك تونۇشلۇق پەقەت ماڭا خاس ئەمەسلىكىنى بايقاپ قالغانىدىم. ھەممىسى بەربات بولدى!

ھاراق ۋۇجۇدۇمغا بۈگۈنكى بەرباتلىق توغرىسىدىكى خىيالىمدەك شىددەت بىلەن سىڭمەكتە... تۈگىدى... ھەممىسى تۈگىدى!...

ھاراقتىن بىر رومكا قۇيۇۋېتىپ بىر كىمدۇر بىر كىمنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىنى سەزگەندەك بولۇپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇنى تىكىلىپ تۇردىمىكىن دېگەندەك بىر ھېسسىيات مېڭەمدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئالدىمدا تۇرغان ئايال مەن تەرەپكە قاراپ نېمىدۇر بىر نەرسىنى پەملەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشى مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ نەزەرىنى ئالدىراپ باشقا ياققا يۆتكىۋالدى ۋە ئارقىدىنلا ماڭا يەنە لەپپىدە قاراپ قويىدى. مەن ئەتراپقا تېزلا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئالدىمدىكى بوش ئورۇندۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. «ئادەملەر ئادەمگە ئەمەس، بەلكى ئورۇندۇققا ئېھتىياجلىق» دېگەن بىر خىيال ئىچىمگە ئاچچىق ھاراقتەك ۋاژژىدە سىپپىلدى-دە، باياتىندىن بېرى ئىچكەن ھاراقنىڭ غۇۋا ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئەتراپتىكى ھەممە شىرەلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى، بۇ شىرەدە بولسا مەن يالغۇزلا ئولتۇرغانىدىم، ئۇ كېلىپلا قارشى تەرىپىمدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ بەكمۇ گۈزەل ئايال ئىدى، شۇڭا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى ئازاب بىلەن كۆزىتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايلا، خۇددى ئۇنى كۆرمىگەندەك ھاراقىمنى ئىچىشكە باشلىدىم. گويا ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك

ئىككەنلىكىنى ئىپادىلەشكە يارىدىمى بولار دېگەنىدەك پەرۋارسىز قىيا پەتتە چوكىنى ئېلىپ، بايا تىن بېرى يېپىلمىگەن قورۇملاردىن يېپىشكە باشلىدىم. قورۇملار ئىنتايىن مەزىلىك پىشۇرۇلغانىدى. بەلكىم باياتىن يېگەن بولسام بۇنداق تۇيۇلماس بولغىتتى دېگەنىدەك بىر ھېسسىيات كاللامدا خىرە پەيدا بولدى. ئۇ قالايمىقان خىيالىلار بوغۇپ تاشلىغان سەزگۈلىرىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا كېرەك.

ئايالنىڭ بىر - بىرىگە مىڭگەشتۈرۈلگەن پۇتلىرى ئالدىمىغىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى. خۇددى ئۇ پۇتلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزىتىپ تۇرغانىدەك، گۈزەل ئاياللارغا خاس كېلىشكەن پۇتلار كىشىنى ھاياجانىدىن ئەيمەندۈرۈپ ئۈزىنىڭ بىر خىيالىي كۆرۈنۈش، بىر سۈرەت ئەمەس، قېنى ئۈرگۈپ ۋۇجۇدىدا ئايالىق ھەۋەسى كۈۋەجەپ تۇرغان تىرىك، ھەقىقىي ئايال ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىپ نېرۋىلارنى غىدىقلايتتى. ئۇ قاپقارا يالتىراپ تۇرغان رەپىتىس شىمى كىيىۋالغان بولۇپ، شىم ئۈزىنىڭ بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ ئاجايىپ گۈزەل پىگورىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۈزىنىڭ گۈزەللىكىگە يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئۈزىمگە نەپرەت بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ ئالدىدا ئېلىپ كېلىنگەن قورۇما تىزدىملىكىگە قاراپ ئۈزىگە كېرەكلىكلىرىنى تاللاۋاتاتتى. ئۈزىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى قاردىغان ئادەمنى چىدىغۇسىز غىدىقلايدىغان ۋە ئازابلىق ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى.

ئۈزىنىڭ يۈزلىرى سۈپسۈزۈك، ئاق ھەم سىلىق بولۇپ، ئادەمدە بەدەننىڭ بەدەنگە تېگىشىگە بولغان سىرلىق تەلپۈنۈش ۋە چۈشىنىكسىز مەنزىرىلەردەك چۈشىنىكسىز تەسەۋۋۇرلارنى قوزغايتتى. ئۈزىنىڭ يالتىراپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى بەكمۇ قويۇق بولۇپ، يېيىلىپ چۈشۈپ يۈزلىرىنىڭ يېرىمىنى يېپىۋالغانىدى. ئۈزىنىڭ قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرى چىراغ نۇرىدا ئاجايىپ گۈزەل جۇلالاپ تۇراتتى. نازۇك، كىچىك قوللىرى بىلەن ئىڭىكىنى يۆلىۋالغانىدى، قىپقىزىل بويالغان تىرناقلىرىمۇ لەۋلىرىنىڭ قىزىللىقى بىلەن. قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۈزلىرىگە يېيىلىپ چۈشكەن چاچلىرىنى پات - پات كەينىگە قايرىپ قويۇپ، تىزدىملىكىگە بەلگە قويۇشنى داۋالاشتۇراتتى.

قاۋاقخانىدا ئاجايىپلا بۇرۇختۇم بىر ناخشا ئادەمنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغاندەك ياڭرىماقتا. ناخشىنىڭ ساداسى قاۋاقخانىدىكى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى بىلەن شۇ قەدەر ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، گويا توختاپ قالسىلا بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قېتىپ، ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. يۈزلەردىكى كۆيۈۋاتقان سىلياۋ ياكى شامنىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقان قىسمىدەك يالتىراپ تۇرغان كۈلكىلەر دەستىدىن كىشىنىڭ قارىغۇسى كەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار بولسا بۇ ھالىتىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار مۇنۇ ئايال بار دۇنيادىن باشقا بىر دۇنيادا — ئەسەبىيلىك بىلەن تولغان، قاغىش كەتكەن يىراق دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك ئىدى.

ھارىقنىڭ بەدىنىم ئىچىدىكى ھەرىكىتى بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ئىلغا قىل-

غەملى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. قورسىقىمنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى يادىمغا ئالدىم-دە، سوۋۇپ كەتكەن تاماقنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئاغزىمغا سېلىشقا باشلىدىم. تاماق گاھ ئۇ قوۋۇزۇمدىن گاھ بۇ قوۋۇزۇمغا ئۆتۈپ ئاغزىمدا بىرھازا چاينالغاندىن كېيىنلا ئاران تەستە ئۆتەتتى. ھاراقنى ئاچ قورساق ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ قالسام بەكمۇ قاتتىق قىينىلىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ تاماقنى زورلاپ يەيتتىم. كۆزۈم پات-پاتلا ئالدىمدىكى ئايالغا ئېچىرقاش بىلەن خۇددى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ ئۆتۈپ يالىڭاچ، ئاپئاق تېرىلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك بارلىق كۈچىنى يىغىپ تىكىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تولغان، لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسىنىڭ مايكىلىرىنى تېشىپ چىققۇدەك بىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر مۆجىزە ھېلىلا پەيدا بولىدىغاندەك بىرھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈزلىرىمگە قارىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ مەنىسىزگىنە تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمى سۇس بىر خىل شامالدەك غۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ ئىزسىز غايىب بولدى. مەنىسىز تەبەسسۇم پەيدا قىلغان مەنىسىزگىنە بىر ھاياجان قەلبىمنى شۈركۈندۈرۈپ ئۆتتى. ئۆزۈمدىكى بۇ مەنىسىز ھاياجاندىن سەل نارازى بولدۇم. ئۇنىڭ سولغۇن چېھرىدىن بىر خىل ھالسىزلىق ۋە مەيۈسلۈك چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا قورۇما ۋە ئالىي دەرىجىلىك ۋىنو كەلتۈرۈلدى. مەن كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن يۆتكىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى مەنىسىز تەبەسسۇمىنى ئازاب بىلەن نېمىشقىدۇر خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى خىيال قىلغاندەك خۇددى بىر خىل ھالەتتە خىيال قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن قانداقتۇر بىر مەجبۇرىيەت ۋە زورۇقۇش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، بۇ زادى قانداق مەجبۇرىيەتتۇر؟ ئۇنى كىم مەجبۇرلىدى؟ بەلكىم ئۆزى مەجبۇرلاپ، ئۆزى خالايدىغان تەبەسسۇمىنى ئۆزىگە مەجبۇرىي تېڭىپ شۇنداق قىلغاندۇ. مېنى مەسخىرە قىلغانمىدۇ - ياكى؟ كاللامغا بۇ خىيال كېلىشى بىلەن شۈركىنىپ كەتتىم. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاشۇ تەبەسسۇمىنىڭ ئاچكۆز قاراشلىرىمغا بولغان مەسخىرە بولۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز نەزەر تاشلىدىم. ئۇ ھاۋارەڭ رومكىغا قان رەڭلىك قىپقىزىل ۋىنونى قۇيۇپ، مەلۇم بىر جىددىي ۋەزىيەتنى بېجىرىۋاتقاندەك ئالدىراشلىق بىلەن كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە رومكا ئىچىۋەتتى، ئاندىن «ئۇھ!» دەپ قاتتىق بىر تىنىدى-دە، بارماقلىرىنى چاچلىرى ئارىسىغا تىقىپ، ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى تىرەپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە بىرھازا بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن دەردمەن بىر ئايال بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. گۈزەل ئاياللارنى چوقۇم ئىنتايىن بەختىيار دەپ ئويلايتتىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭدەك ئېسىل ياسانغان ئاياللارنى كۆرسەم خۇددى شۇلارلا دۇنيادىكى بارلىق بەختنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، باشقىلارغا قالدۇرماي ئىگىلىۋېلىپ ياشاۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ ئېسىلزادىلىكى ۋە باۋەچچىلىكىگە نىسبەتەن مەندە بىر خىل ئۆچمەنلىك ۋە ئاچچىق ئىچى تارلىق پەيدا بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لاتتى. بىراق ھازىر نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىر دەردمەن بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالغانىدىم. بەلكىم مەندىكى بۇ ئارزۇ بەكمۇ مەنىسىزدۇر. بەلكىم ئۇ دەردمەن بولۇشقا خۇشتار بولۇپ يۈرگەن غەيرىي پسىخىكىغا ئىگە ئايالدۇر ياكى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن دەردمەنلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەم گۈزەل، ھەم دەردمەن بولۇشتەك رومانتىك شېرىن ھالىتىدىن پەخىرلىنىش ۋە لەززەتلىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغاندۇر. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر رەت قاراپ ئىلاجىسىزلىق بىلەن مەيۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن بۇ كۈلۈمسىرەشتىن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم - دە، باشقا ياققا قارىۋالدىم. بۇ كۈلۈمسىرەش سەزگۈلىرىمدە بىرھازا مەستلىك سەزگۈسىدەك لەيلەپ يۈرۈپ يىراقلاپ كەتتى، بىراق بۇ كۈلۈمسىرەشتىن قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق غۇۋا ھېسسىياتقا چۆمۈپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر رەت ئاۋالقىدەكلا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىشنى ئويلىدىم، بىراق ئۇنىڭغا قارىيالمىدىم. ھاراقتىن رومكىغا لىق تولدۇرۇپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىم.

ئايالنىڭ كىيىنىشلىرىنى ۋە گۈزەل قامىتىنى يەنە بىر رەت كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئاھ! ئاشۇ گۈزەل تەن كىملەرنىڭ قوينىدا قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەندۇ - ھە! قانچىلىغان ئەرلەرنى ئاپئاق بەدەنلەر بىھوش قىلغاندۇ، قانچىلىغان ئەرلەرنى ئۇھ!... دېگۈزگەندۇ؟ قانچىلىغان ئەرلەرنىڭ نەپەسلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ تىنالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغاندۇ!؟... تەپەككۇر قىلغانسېرى نېرۋىلىرىم ئاچچىق غىدىقلىنىپ، چىدىغۇسىز بىر خىل تەشنالىق ھېسسىياتى لەبلىرىمنى ئىختىيارسىز يالاتقۇزدى. مەن بىلەن بۇ دۇنيادا قىلچە ئالاقىسى يوق بىر ئايالدىن ئاللىقانداق بىر ھېسسىياتنى، ئەڭ شېرىن ۋە ئۇلۇغ بىر لەززەتنى يولسىزلىق بىلەن تەمە قىلىش ياكى ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇش بەلكىم بىر جىنايەتتۇر. بەلكىم ئۆزۈمدىكى ئەڭ بۈيۈك ۋە شېرىن ھېسسىياتنى دەپسەندە قىلىشتۇر... بۇ ھېسسىياتلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەست بولۇش كېرەك ئىدى. مەن ئايالغا يېلىنغاندەك قاراپ قويدۇم. بەلكىم ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى، دۇنيادا ئۇنىڭدەك گۈزەل ئايالنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مېنى مەھرۇم قىلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدىمەن...

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟

مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سېلىپ، سۇس بىر تىترەك ۋۇجۇدۇمنى ئارىلاپ، غۇۋا مەستلىك سەزگۈسى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئالاقزادىلىك بىلەن تىترىگەن ئاۋازدا جاۋاب بەردىم:

— ھە ئە...

ئۇ مېنى بىرھازا كۆزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىنمۇ بىر خىل غۇۋا جىددىيلىشىش بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يەنە سۆزلىشىنى شۇنچە خالىساممۇ بىراق سۆزلىمەسلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشماسلىقنى ئارزۇ قىلاتتىم.

— ئوقۇغۇچىمۇ سىز؟

— ھە ئە...

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

— مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى. تونۇمايدىغان ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىش ئۇنىڭغا ھېچبىر مالاللىق ئېلىپ كېلەلمىگەندەك ئىدى، ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك دېگەندەك ياكى بۇ بىر قائىدىدەك بىمالال سۆزلەۋاتاتتى.

— مەن ئۆزى يالغۇز ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەممىكىن دەيمەن...

— بەلكىم... بىز ھەممىمىز بىچارە... يالغۇز... يېرىم... جەننەتتىكى چېغىمىزدىلا بىزنىڭ يېرىمىمىز يوقالغان، ئۇنى بىز ئۆزىمىز يوقاتقان.

— سىز شائىرمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— گەپلىرىڭىز بەكمۇ شائىرانە ياكى روھىي كېسەللىكلەرنىڭكىدەك تۇيۇلۇپ بېرىدىكەن...

— روھىي دۇنياسى ئادەتتىكىچە بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى روھىي كېسەل ئادەملەر. مەن ئۆزۈمنى ئۇنچىلىك دەرىجىگە يەتمىدىمىكىن دەپ ئويلايمەن. روھىي كېسەل بولۇش ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش.

ئۇ مېنىڭ گېپىمدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئىنتايىن دوستانىلارچە ئىدى. كۈلكىسىدىن سەبىيلىك ۋە ساددىلىق بىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن يەنىلا بىر خىل ئېغىر سوغۇققانلىق يەنى گۈزەل دەردمەنلىكمۇ بار ئىدى. كۈلگەندە ئۇنىڭ چىرايلىق، يوغان، قاپقارا كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلىنىپ، كۆككۈش رەڭدە بويالغان كەڭ قاپاقلىرىمۇ كۆزلىرى بىلەن بىللە چاقناپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بىلەن ماڭا يېقىن دوستتەك كۆرۈنۈشىدىن ئازاب ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىلىرى مېنى ئازابلاشتىن باشقا ماڭا ھېچنەرسە ئېلىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ ھامان ناتونۇش ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ھالىتىدە ھېچقانداق بىر مەغرۇرلۇق ئىپادىسى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ئۆز ئېسىلزادىلىكىگە يارىشا بىر مەغرۇرلۇق، مۇزدەك سوغۇق بىر ھاكاۋۇرلۇقنى ئىزدەيتتىم. بەلكىم بۇنداق گۈزەل ئايال چوقۇم ناھايىتى مەغرۇر بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىغاندىمەن. بۇنداق كۈلكىلەر ئۇنىڭ ئارتىستىكلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ ئۇنىڭ ئاپئاق، پاكىز مەيدىسىدە يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك كرېست مېدالىيونىغا قاراپ قويدۇم. بۇ مېدالىيون مېنىڭ خىيالىمنى راست دەپ تەستىقلىغاندەك ئۇنىڭ كۈلگەندىكى ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ بىرنەچچە رەت لەپەڭشىپ قويدى.

ئەينىكىگە ھەر خىل خەتلەر قىيىپ چاپلانغان دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. سىرتتىكى قاراڭغۇلۇق شۇ قەدەر قويۇق ئىدىكى، كوچا چىراغلىرى ئۇنىڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ھېلىلا مۇزنى قاۋاقخانى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىمنى ئىگىلەپ قاراڭغۇلۇقتىن، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كۈلۈپ بوش شىۋىرلاشتىن باشقا ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغاندەكلا قىلاتتى. كۆزلىرىمنى دەرھال ئېچىپ قېچىپ، ئالدىمدىكى گۈزەل ئايالنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك قىيماسلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— كۆزلىرىڭىز بەكمۇ دەھشەتلىك ئىكەن... ئادەمنى ئەيمەندۈرۈپ... سىز كۈلۈشنى زادىلا بىلمەمسىز؟... باشقىلار كۈلگەندە كۈلگىڭىز كەلمەمدۇ كۈلۈپ قويۇڭ. كۈلكىڭىز ساختا بولسىمۇ ئەنە شۇنداق كۈلۈۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالسىڭىز ئاخىردا راستىنلا خالاپ كۈلگەن بولسام كېرەك دەپ، كۈلكىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالىسىز. بۇنداق ماھارەتنى ئۆگىنىۋالمىسىڭىز تۈگەشكىنىڭىز شۇ!... بەختلىك بولۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسى يوق... كۆزلىرىڭىزدىن ماڭا بولغان ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن سۆيۈملۈك بولالايسىز.

ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنىڭ ماڭا بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇ قەدەر يېقىن ئىدىكى، مېڭەمنىڭ ئىچىدە قايسىدۇر بىر يەردە ئۆزۈمنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق پەريادىمدەك قىلاتتى. ئۇ ئايال رېئاللىقتا مەۋجۇت ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ خىياللىرىم توقۇپ چىقارغان كۆرۈنۈش بولغاچقا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاۋازىمنىڭ ئەكس ساداسى بولۇشى مۇمكىن...

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون توققۇزغا.

— سىزدىكى بۇنچە ئازابلىق كەيپىيات يېشىڭىزغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەن. خۇددى قەستەن ئازابلىنىۋاتقاندەك، ياكى ئازابنى ئوغرىلىۋالغاندەك، — ئۇ بۇ ئوخشىتىشنى راسا مۇۋاپىق تېپىۋالغىنىغا شادلانغاندەك قىلاتتى. ئارقىدىنلا بۇ كەيپىيات ئازابقا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئازاب ئۇنىڭ چىرايلىق ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى خىيالچان كۆزلىرىدىن لەپپىدە پۈتۈن چىرايىغا تاراپ قويۇقلىشىپ سىڭىپ كەتتى.

— مېنىڭ ئازابىمنى چۈشەنمەيسىز. بۇ ئازاب يېشىم بىلەن مۇناسىۋەتسىز، سىزچۇ؟ مەن گۈزەللىكىڭىز بىلەن ئازابلىق كەيپىياتىڭىز سىزدە ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە بىرلەشكىنىگە ھەيرانمەن.

— مەن ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردىم. مېنىڭ كۆرگىنىم سىزنىڭكىدىن كۆپ، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ «ئۇھ» دېگەن چاغدىكى ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، ئېغىزى بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلغانىدى.

— مېنىڭ ئازابىم روھىمدىكى ئازاب، ئۇ رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز. رېئاللىق ئادەمنى ئازابلىيالمايدۇ، ئادەم ئۆزى ئازابلىنىدۇ.

— قېنى ھاراقتىن قۇيۇڭە، تونۇشۇۋالغىنىمىز ئۈچۈن بىر رومكىدىن ئىچە-

ۋېتەيلى. مەن سىزدەك ياش ھەم دەردمەن يىگىت بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن...

ئاپام مېنى 16 يېشىمدا تۇغقانىكەن. ئۆمىنىمنىڭ ئاپام بىلەن تەڭ ئىدى. ئاپام بىلەن تەڭ بىر ئايالغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ھېسسىياتىمدىن بىردىنلا خىجىل بولۇپ، يۈزلىرىمنىڭ قىزىغانىدەك بولۇۋاتقىنىنى ھېس قىلدىم. ئاپام بىلەن بىللە ھاراق ئىچىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن بولسا ھاراق ئىچىۋاتىمەن. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاستا-ئاستا قوزغىلىۋاتقان ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېقىنچىلىق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىز ئۇزۇن-تىنىمسىز ئولتۇرۇپ يەنە بىر نەچچە رومكىدىن ئىچىشتۇق. ئۇ ھەر بىر رومكىنى ئىچىپ بولغاندا بىر قېتىم «قانداق؟» دېگەندەك ياكى ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىشىدىن پەخىرلەنگەندەك ماڭا كۈلۈپ قاراپ قوياتتى.

ئاچچىق ھاراق بەدىنىمگە ئاستا سىڭىپ، ئاچچىق خىياللار بىلەن ئارىلىشىپ، بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كېتىۋاتاتتى. ۋۇجۇدۇمدىكى ئازابنىڭ ھازاقتىن ياكى ھەسرەتلىك خىياللاردىن ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەنىدى.

— ئادەمنى رېئاللىق ئازابلىيالمايدۇ، ئۆزى ئازابلىنىدۇ دېيدىگىزمۇ؟ بۇ گېپىڭىز تازا توغرا بولمىدى. ئادەم كىچىك چېغىدىلا ئازابنى بىلىپ تۇغۇلغانمۇ؟ ئىنساندىكى ھەممە ھېسسىيات كېيىنكى تەقدىر يەنى رېئاللىقتىن كەلگەن. ئادەمگە رېئاللىق تەسىر قىلمىسا، ھېچقانداق سىرتقى تەسىر بولمىسا ئۇ چوقۇم ياغاچ ئادەم... بەلكىم بۈگۈن بىرىكىمدىن قاتتىق ئازار يېگەنسىز ياكى يۈرگەن قىزىڭىزدىن ئايرىلغانسىز، سىزنىڭ دەردمەنلىكىڭىزدە چوقۇم بىرەر سەۋەب بار.

— سىزنىڭ گېپىڭىزمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن... بىراق ئازاب يەنىلا روھقا مەنسۇپ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر مەشھۇر دۇنياۋى شەخسلەرگە ئايلىنىدۇ، بىراق ھەممە ئادەمنىڭ ئۇلاردەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن ئۆمرىدە ئاشۇلاردەك بولالماي ئۆتۈپ كېتىش ئازاب ئەمەسمۇ؟ ئازاب بولسا ئۇلاردىن باشقىلاردا شادلىق مەۋجۇت ئەمەس بولۇشى — پۈتۈن ئۆمرىنى ئازاب بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەكمۇ؟

— ئەگەر ئۇنى ئەڭ چوڭ غايە ياكى ۋىجدانىي مەجبۇرىيەت قىلىۋالمىسىڭىزلا بۇلار ئازاب بولالمايدۇ. يەنىلا خۇشال ياشاۋېرىسىز.

— دېمەك بىرلا ئىش ئادەملەرنى ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئازابمۇ ھېس قىلالايسىز... ئازابلانمايمۇ ياشىيالايسىز..

ئىككىمىز يەنە جىمجىت ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق.

ئىچكەن ھاراق مېڭەمنى ئاستا-ئاستا ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا. مېڭەمدىكى پىكىرلەرنى ھاراق بوغۇۋېلىۋاتقاندەك، سىرتقا چىقىپ كېتىشكە تېخىمۇ يول قويماۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر نەچچە رەت قەستەن كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولدۇم، كۈلسەم يۈزلىرىم قانداقتۇر تېزلا قېتىپ قالىدىغان بىر نەرسىنى سۈرتۈپ قوي-

غاندەك ياكى مېنىڭ ئەمەستەك قورۇلغانلىقىنى سېزەتتىم. يۈزلىرىم بۈزۈلۈپ، ئۈزۈۋۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ياكى بەكمۇ سەت قىياپەتكە كىرىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم، شۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ ئولتۇرۇش نىيىتىدىنمۇ يانىدىم. ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ئالدىمدىكى ئايالنىڭ ماڭا قاراپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىغىنىغا ھەيران قالىمەن.

ئۇ چوڭلا رومكىغا لىق - لىق تولدۇرۇپ خېلى جىق ئىچىۋەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئىچىلىپ - يېيىلىپ، زىل ئاۋازلىرى بىلەن ئەسەبىيلەرچە قىقاسلاپ كۈلۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىم، مەست بولۇۋېلىپ ھۆكىرەپ يىغلاشلىرىنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم، بىراق ئۇنىڭ بىرىنداق ھالىتىنى يېپىدىن يېگىنىسىزچە ئوپئوچۇق كۆز ئالدىمدا پەيدا قىلالماي پەقەتلا ئاشۇ تەسەۋۋۇرلارنى ئەقلىي يەكۈن ئارقىلىق ئۆزۈمگە تاڭغانىدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئۇنىڭ مەست ھالىتى توغرىسىدىكى خىلمۇ - خىل تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمىغانلا بىر ھالەتتە ئالدىمدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ باشلىرى سەل سىلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ يۈزلىرىگە يېيىلىپ چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاش ئۈچۈن پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى. خۇددى ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل كۈچىنىش ئۇنىڭ قىياپىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

يىراق - بىر يەرلەردە مەستلىك ئاستا ھۇۋۇلداپ مەن تەرەپكە يېتىپ كەلمەكتە.

بىز تۇرمۇش، ھايات توغرىسىدا نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتۇق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ پۈتۈنلەي ناتونۇش ئايال بىلەن - ھە!... مەيلىلا، ئۇ ئايال مەۋجۇت ئەمەسقۇ؟ ئەجەبا خىيالىدىكى گۈزەل ئاشۇ ئوبرازنىمۇ رېئاللىق ئارقىلىق بوغۇشۇم، دەپسەندە قىلىشىم كېرەكمۇ؟ بەلكىم ئۇ رېئاللىقتا قانچە يېقىن بولسا، بۇ ئىشلار رېئاللىقتا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ قېلىشى مۇمكىنمىدەكلا ھېس قىلغانىدىمەن. ھېلىمۇ ئۇنىڭغا يول قويمىدىم، ئۇنى چىڭ تورمۇزلىۋالدىم. ئەگەر ئۇ كىرىپلا مېنى سۆيسە بىزنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇنداق ئىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى رېئاللىقتا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى ؟... ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى يادىمدا قالمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بەلكىم يادىمدا قېلىشىمۇ ناتايىندۇر، چۈنكى يىراقلاردىن سەلدەك يېيىلىپ كېلىۋاتقان مەستلىك سەزگۈسى غايەت زور ياللۇن ئېقىندەك بېسىپ كېلىپ مەندىكى ھەممە خىيالنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، پەقەت بىرلا نەرسىنى يەنى ئېچىرقاپ، ھۆركىرەپ تۇرغان جىنسىي ئىستىلىشنىلا كۈل قىلالماي قالغانىدى. ئۇ ئايالغا بولغان بۇ تەلپىنى ئۇ تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن پەقەت شۇنىلا تەلەپ قىلىپ يۈرگىنىمنى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمگە قاراپ، ئەتىسى ئاشۇ ئىشلارنى قايتا بىر قېتىم كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققاندىلا ھېس قىلالىشىم مۇمكىن.

ئايرىلىقتىكى بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ ئۇنى — «جېنىم ھەدە... پاق،

سىزنى ئاپا دېگۈم كېلىۋاتىدۇ...» دەپ يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر سۆزلىگەنىدىم. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر يېقىنچىلىق قىلغۇم كېلىپ كەتتىكى، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا شۇنداق لاۋزا سۆزلەر بىلەن خۇشامەت قىلىۋاتقانىدىمىز ئۆز ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرىمگە ھەيران قالغانىدىم ھەم خىجىل بولغانىدىم.

بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزمۇ، قىياپىتىمىزمۇ قاۋاقخانىدىكى كەيپىيات — ۋاراڭ- چۇرۇڭ، ئالىمجوقا جۆيلۈشلەر، مەستلىك ۋە ھاراق پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بىر گەۋ- دىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بىراق مېنىڭ روھىم يەنىلا ھەممىدىن خالىي گۈزەل ۋە يۈكسەك بىر دۇنيادا ياشاۋاتاتتى. ئالدىمدىكى گۈزەل ئايال بولسا خۇددى بۇ دۇن- يادا ماڭىلا تەۋەدەك ياكى مېنىڭ بىر قىسمىمغا يەنى مەن بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك تېخىمۇ ئوچۇق، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىكى مەستلىكىمۇ باشقا ھېچكىمنىڭ مەستلىكىگە ئوخشىمايتتى. بۇ مەستلىكمۇ ئۇنىڭ ئۆزىماق لەۋلىرىدەك گۈزەل ئىدى. مەستلىك ئۇنىڭ چاقناپ تۇر- غان كۆزلىرىنى قىلچىمۇ خۇنۇكلەشتۈرەلمىگەن بولۇپ، يەنىلا شۇ قەدەر گۈزەل ۋە ئوتلۇق ئىدى.

مەن ئۇنىڭ تېخىمۇ بەكرەك مەست بولۇپ كېتىشىنى كۈتتۈم. نېمىشقا شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. بەلكىم ئۇنىڭ مەستلىكىدىن ئال- لىنېمىلەرنى تەمە قىلغانىدىمەن. بۈگۈن بىزگە پەقەت مەستلىكلا ھەقىقىي ئەركىنلىك بېغىشلىيالايدۇ.

ئۇ يەنە بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتى - دە، بېشىنى شىرەگە قويۇپ كۆتۈ- رەلمەي قالدى. مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ مۇشۇ ھالىتىمىزنى كۆرسە باشقىلار چوقۇم دەردمەن ئاشىق- مەشۇقلار دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ دەپ ئويلاپ، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىش بىلەن ئەتراپىمىزدىكىلەرگە قاراپ قويغۇم كەلدى، بىراق مەن يەنىلا ئۇنداق قىلمىدىم؛ چۈنكى مەندىكى بۇنداق پەخىرلىنىش ھېس- سىياتى ھېچقانداق بوشلۇق قالمىغان قاۋاقخانا ئىچىگە سىغمايتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا ۋە ماڭا بىرھازا ئەلەڭ- لەپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى تومۇرلارغا قان يۈگۈرۈپ قىزارغان بولۇپ قارىچۇقلىرى تىنىمسىز پىلىدىرلايتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر شىددەتلىك ھايا- جاننى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك، نەپسىنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. كەينى- كەينىدىن بىر نەچچە رەت كۆزۈمگە لەپپىدە تىكىلىپ قارىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى قاتتىق ئازابلىق كەيپىياتتا تۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ ۋۇجۇدى- نىڭ ھەممە يېرى بىلەن ماڭا خىتاب قىلماقتا ئىدى: «— ھەي... ئەر...»

نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇم، ماڭا تەۋە بولغىنى پەقەتلا نومۇسلا ئىكەن. مەن شۇتاپ پەقەت نومۇسقىلا قادىر ئىدىم. چۈنكى نومۇسنى قوبۇل قىلىشقا ھېچقان- داق قۇدرەت كەتمەيتتى...

ئۇ لەپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، دەلدەڭشىگەن ھالدا

ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ، پۇتلىشىپ، جوزىلارنى ئارىلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ قاۋاقخانا ئىچىدىكى قىزغۇچ سۇس چىراغ نۇرى ئارىسىدا كەينىگە ئۇرۇلۇپ ماڭا قاتتىق نەپرەت بىلەن يالتىدە نەزەر تاشلاپ قويدى. بەلكىم چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەمەس، ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا، بەلكىم تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ۋاقتىدا شۇنداق قىلغاندۇ. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قارىشى نەپرەتلىك بولسىمۇ تاتلىق ئىدى. بىپايان ھاراق دولقۇنى ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەن يۈرىكىم ئاچچىق ئىڭىردى-غاندەك بولدى، ئۇ مەست ئىدى، ئۇنىڭ ماڭا قارىغان - قارىمىغانلىقىنى ئۇنىڭ مەست چىرايىدىن ئىلغا ئېلىش قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇلۇش، پۈتۈن رېئاللىقتىن ئازاد بولۇش بار ئىدى؛ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ نەپرەتلىك قارىشىنى خۇددى ئۇ بىر نەچچە مىنۇت ھەتتا بىرەر سائەت بارلىق ئۇرۇنى ۋە بارلىق نەپرىتىنى كۆزلىرىگە يىغىپ ماڭا قاراۋاتقان-دەكلا ئىنتايىن يارقىن ۋە ئۆچمەس ھالدا ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم؛ ئۇ راستىنلا ئەنە شۇنداق بىر ھېسسىياتتا قارىدىمۇ - قارىمىدىمۇ كىم بىلىدۇ، بەلكىم مەن شۇنداق بولۇ-شىنى ئارزۇ قىلغاچقا مەندە ئەنە شۇنداق خىيالىي سېزىم پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ دەقىقە ئارىلىقىدا بولسىمۇ كىشىنى سەۋرسىزلەندۈرىدىغان ئاشۇ نەپرەتلىك بېقىشلىرىنى كۆرگەنىدىمەن.

ھاراق شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ مېڭەمگە ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ چىقىپ، بوغۇق شاۋقۇن بىلەن تەپەككۇرۇم ئىچىگە ئۇرۇلماقتا.

بىرھازا قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىش ئىستىكى مېنى قىينايتتى، بىراق نېمىشقا يۈگۈرۈپ چىقىشىم كېرەك؟ يۈگۈرۈپ چىقسام ماڭا نېمە پايدىسى، ئۇنى ياتقىغىچە ئاپىرىپ قويۇشىمۇ نۇرغۇن ئازاب.

كۆزلىرىم دېرىزە ئەينەكلىرىدىن سىرتقا تىكىلگەنىدى. بىرھازادىن كېيىن كۆزلىرىمنى قاۋاقخانا ئىچىگە يۆتكىدىم. ئەسەبىي قىزغىنلىق قاۋاقخانا ئىچىدىكى خۇنۇك ئارىلاشما رەڭلىك چىراغ نۇرى ئارىسىدا جىننىڭ ئويىنىغان ئۇسۇللىرىدەك كۆزنى ئالىچەكمەن قىلاتتى، ئادەملەردىكى قىزغىنلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئەنە شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇنىڭدىن مەڭگۈ دەرد - ھەسرەت بىلەن ئۆتۈش مەنىلىك-رەك بولسا كېرەك. بەلكىم ئەھمىيەت دېگەن نەرسە ئەنە شۇنداق يىرگىنىشلىك بولىدىغاندۇ. ئەجەبا بۇنداق يىرگىنىشلىك ئەھمىيەت (مەنىلىكلىك) نىڭ نېمە كېرىكى؟ كىشىنى چەكسىز بىزار قىلىدىغان بۇ يىرگىنىشلىك قىزغىنلىقلارغا قاراپ بىردىنلا ئۇ گۈزەل ئايالنىڭ دۇنيانىڭ قەيىرىدۇر بىر يېرىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىنىمنى، ئۇنىڭ كېلىشكەن بەدىنىگە ئېچىرقاش بىلەن تىكىلگەنلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات ئالدىدا تىكەندەك يالغۇز قالغانىدىم. بەلكىم ئايالمۇ شۇنداق يالغۇز ئولتۇر-غان بولسام كېرەك. ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق يالغۇز ئىكەنلىكىمنى ئىنكار قىلالاي-دىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. بەلكىم ئۇ ئايالمۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستۇ...

ئۇ كۆز ئالدىمدىن ھەش - پەش دېگۈچىلا مەۋجۇت ئەمەس دېگۈزگۈدەك ھالدا بىردىنلا يوقالغانىدى، پەقەت ۋۇجۇدۇمدا ئاچچىق ئېچىرقاش غەزەپلىك ھۆركىرەپ تۇراتتى. بەلكىم ئەسلىدىلا پەقەت شۇ ئېچىرقاشلا بار بولغانتى، قالغانلىرى ھەممىسى ئاشۇ ئېچىرقاشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەجرۇھ روھىمنىڭ كېسەللىك ھالىتىدىكى خاتا سەزگۈسىدۇ...

ئۇنىڭ مەست بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدىم. ئۇ راستتىنلا مەست بولۇپ قالدى. بىراق مېنى خۇشال قىلىدىغان ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى.

بىرئازدىن كېيىن «ئۇ ئىشىك ئالدىدا بار» دېگەن ئۇقۇم مېڭەمگە زورلۇق بىلەن كىرىۋالدى. بۇنىڭغا راستتىنلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىشىنىش ئەخمەقلىقتەك قىلاتتى. بىراق ھامان ئۇ مېنى سەللا يىراقتا كۈتۈپ تۇرغانىدەكلا ھېس قىلاتتىم. بۇ سەزگۈ غايەت زور بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ مېنى دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقىشقا ئۈندەيتتى. بىراق نېمە ئۈچۈن يەنىلا شۇ قارغىش تەككۈر يەردە مەجبۇرىيەت ئادا قىلىۋاتقاندەك مىدىرلىماي ئولتۇرغىنىمغا ھەيرانىدىم. بەلكىم بۇ يەردىن چىقىپ كەتسەملا ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكىنىمنى دېلىللەپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قوزغايدىغان مەنزىرىلەردىن ئايرىلىپ، ھېلى بولغان ئىشنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىمدا مەيۈسقىنە، تىرناقلىرى قېپقىزىل بويالغان قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى، يېيىلىپ چۈشۈپ يۈزلىرىنىڭ يېرىمىنى يېپىۋالغان پارقىراق، قاپقارا چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن پات - پات كەينىگە قايرىپ قويۇشلىرىنى ئۆز ئەينى كۆزۈم ئالدىمدا پەيدا قىلىپ يەنە بىرھازا ئازابلىق لەززەتلەرگە ئىگە بولۇشتىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمىغان بولسام كېرەك، ئۇ شۇ تاپ نەلەردىدۇر ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتىدۇ، مېنى بار ئاۋازى بىلەن چاقىرىۋاتىدۇ. مەن چوقۇم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك...

مەن بىردىنلا يۈگۈرگەندەك تېزلىكتە ئىشىك ئالدىغا چىقتىم، چىقتىم - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىشىكتىن ئۈچ - تۆت مېتر نېرىدا تامغا يۆلەنگىنىچە تۇراتتى. قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىدەك ياكى كىيىمىنى سېلىۋاتقان ئايالنىڭ تېنىگە قاراپ تۇرغاندەك جىددىيلىشىش ئىچىدە ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمچە بىرھازا تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئىككى قولى بىلەن تامنى مەھكەم قامالىۋالغان بولۇپ، بەدىنى جانسىز ھالدا لەپەڭشىپ قالاتتى، تامنى قامالىغان قوللىرىمۇ پات - پات سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن ماڭماقچى بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، بىر ئىككى قەدەم ئالماي تۇرۇپلا يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا دەرھال يۈگۈرۈپ باردىم. ئۇ مەستلىكتە خۇدىنى يوقاتقانىدى. مەن ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ ئېگىلىشىپ گۈزەل، چىرايلىق، سۈپسۈزۈك يۈزلىرىگە ۋە ئالتۇن رەڭلىك مېدالىيونى يالتىراپ تۇرغان ئاپئاق مەيدىسىگە بىرھازا تىكىلدىم. ئۇ كۆزلى-

رىنى ئاچالمايتتى. ئۇ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت ئەمەس، خۇددى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەپسانىۋى خىياللار بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان ئوبرازدەك، تەگسىلا بۇ ئوبراز بۇزۇلۇپ، توزۇپ كېتىدىغاندەك، دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى پاكلىقتا ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدىغاندەك، ھەر قانداق بىر تەننىڭ ئۇنىڭغا تېگىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ، پەردە — ئىپلاس ۋە سوغۇق پەردە ياتاتتى. شۇڭا ئۇنى يۆلەش كېرەك ئىدى. قوللىرىم ئۇيۇشۇپ قالغاندەك قىلاتتى. قوللىرىمنى ئىنتايىن ئىپلاس بىر قولدەك، ھېلىقى مەستلىك، جۆيلۈش، چۇقانلاردىن تۆرەلگەن، قارغىش تەگكەن گۇناھكار قىزغىنلىق دۇنياسىغا تەۋەدەك ھېس قىلىپ، پېتىنالماسلىق ۋە قىيماسلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. قوللىرىم ئۇنىڭ گەۋدىسىگە تېگىپ بولغىچە بۇ ۋەھىمىلىك تېگىشىش تەسەۋۋۇرۇمغا سىغماي قالدى.

ئۆزگەشلەپ كېلىۋاتقان ھارارەتنىڭ كۈچى كەينىگە يېنىپ كەتكەندەك بولدى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم مىسلىسىز گۈزەللىك ئالدىدا مەستلىكنى تەرك ئەتكەنىدى.

مەن يارىدار گۈزەلنى يۆلىگەن ھالدا قاراڭغۇ، تار كوچىلارنى ئارىلاپ مېڭىپ كەتتىم. گۈزەل چۈشلەرنىڭ بىپايان قاراڭغۇ كېچىلەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىز شەھەردىن چۈشلەرگە ئوخشاش بۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن تولغان تار كوچىلارغا سىڭىپ كىرىپ كەتتۇق.

كوچىلاردا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ يۈرگەن بىرەر - ئىككى ئادەمنىلا ئۇچراتقىلى بولاتتى. نېمىشقىدۇر كوچىلارنىڭ ئادەمسىز ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدۇمغا چىڭ تېگىشلىق ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىنىڭ بەدىنىمگە تېگىشىشىدىن مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەندەك، مېنىڭ جىسمىممۇ ئۇنىڭكىدەك گۈزەل قىياپەتكە كىرگەندەك يايراپ كېتىۋاتاتتىم.

ئۇيان - بۇيانىدىكى قاراڭغۇ دالىدىلاردا بىر - بىرىگە چىڭ يېپىشىپ، سۆيۈشۈۋاتقان ئاشىق - مەشۇقلار ئۇچراپ تۇراتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇلاردەك بەختىيار ھېس قىلاتتىم. بۇنداق ھېس قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق بولسىمۇ ئەنە شۇنداق بىر ھېسسىيات ماڭا كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن ئۇنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى نەقەدەر خالايتتىم - ھە! بۇنىڭ ئىنتايىن ئەخمىقانە خىيال ئىكەنلىكى ماڭا ئېنىق ئىدى، بىراق مەن مۇشۇ ئەخمىقانىلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالالايتتىم. ئۇ بۇنداق كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلسۇن؟ مەن خىيالىمدىكى رېئاللىقتا ئۇنىڭ بۇ يەرگە چىقىپ قېلىشىغا ئېھتىماللىق ئىزدەيتتىم. ئۇ ھېلىقى يەردە يات بىر كىم بىلەن تېخىچە سۆيۈشۈپ، مېنى مازاق قىلىپ تۇرغاندۇ... قىلچە سۆيگۈ مۇناسىۋىتىم بولمىغان بىر ئايالنى يۆلەپ ئېلىپ مېڭىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولۇش نەقەدەر بىچارىلىك - ھە! بەلكىم ئۇ ئايال مەست ئەمەس بولسا... بولدىلا، ئۇ مەستتۇ، يەنە نېمە دەپ ئۇنىڭ مەست ئەمەس بولۇ-

شىنى خىيالىمغا يەتكۈزىمەن؟

يۈرىكىم بىر ئىشنى كۈتۈپ، شىددەت بىلەن سالماقتا. مەن ئۇنى يولىغىمە بىرچىنە قاراڭغۇ دالىدىغا كېلىپ توختىدىم. ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىدىن چىڭ قامالاپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن تىترىگەن قوللىرىمنىڭ تېنىنىڭ ئۇرغۇشى بىلەن تومۇرلارنىڭ لوقۇلداپ تۇرغان ھەرىكىتىنى ئېنىق سېزەتتىم. كاللامنىڭ بارغانسېرى سەگەكلىشىپ، تېنىم ئىچىدىكى ھاراقنىڭ ئاجىزلاپ بېرىۋاتقان كۈچىنىڭ تومۇرلىرىم ئارقىلىق بارماقلىرىمغا ئېقىپ كېلىپ سىرتقا تەپچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلاتتىم.

بىردىنلا مەن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. قىلچىمۇ قورقماستىن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق جىددىيلىشىشلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ئۇنى. چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە بەدىنىمنى چىڭ ياقتىم. ئۇنىڭ كۆكسىمگە چىڭ يېقىلغان كۆكسىنى گاڭگىراش ئىچىدە سېزەتتىم. ئۇنىڭ كۆكسى تاتلىق شىرنە بولۇپ يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدىم. ئۇ ھېلىلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا نەپرەت بىلەن قارىلىدىغاندەكلا ھېس قىلىپ كېتەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، ئۇ ھېچنەرسىنى ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە مەست ئىدى. بۇنىڭغا ئاران ئىشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ «مېنى سۆيۈپ قويۇڭ» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك ئاز - پاز ئېچىلىپ تۇرغان ئوماق لەۋلىرىگە قارىدىم. لەۋلىرىمنى ئېلىپ بېرىشقا قىيماي بىرھازا تۇرۇپ قالدىم. قىزىرىپ قاغجىراپ كەتكەن، قوپال ۋە يىرگىنىشلىك دۈنياغا، قارغىش تەگكەن رېئاللىققا تەۋە لەۋلىرىم بىلەن ئاشۇ مىسلىسىز چىرايلىق لەۋلەرنى سۆيۈشكە پېتىنالمىدىم. گويا ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغاندەك سۆيۈشكە كىشىنىڭ قىيىنىسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھامان گۆشتىن ئەمەس، قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق ۋە پاك روھتىن ياسالغاندەك، ئۇنى سۆيۈشكە بەدەن ئەمەس پەقەت بىر روھلا لايىق بولالايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

قىزىرىپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىم پىژىلىشىپ كەتكەن ئاللىقانداق جانسىز بوغۇق بىر جىسىمدەك ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك ھالدا سۈركىلىپ ئۆتتى. ئەسلىدە ئۇنى سۆيۈشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. قوللىرىمنى ئۇنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ كۆنۈۋالدى دەپ ئويلىمىغا چىقمىغىن پەقەت ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاپ باققۇملا كەلگەنىدى. بىراق ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى سۆيۈپ تاشلىدىم-دە، سۆيۈپ بولۇپ بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاڭسىز ھالدا ئاغزىمنى ئېرىتىۋەتتىم... مەن زارىقىپ كۈتكەن «تۈگەشتىم» دېگەن ھېلىقى تىزگىنسىز ۋۇجۇدۇمنى ۋاقتىمدە تىترىتىپ ئۆتتى. مەن بۇنداق تۇيغۇنى مەڭگۈ قايتا ھېس قىلالماسمەنمىكىن دەپ نادامەتتە قالغانىدىم.

يۈرىكىم قانسىرىغاندەك نەپسىم سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى ھەمدە قان يۈرىكىمدىن سىرغىپ چىقىپ، تېنىمنىڭ ئىزلا يېرىگە شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ،

www.uyghurkitap.com



ئۇ يەردىكى تومۇرلىرىم چىڭدىلىپ، تېنىمدىكى بارلىق سەزگۈم، بارلىق قۇدرىتىم ۋە بارلىق ياشاش قابىلىيىتىم پەقەت شۇلا جايغا يىغىلىۋېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەندىكى بارلىق مېھىر-مۇھەببەتمۇ شۇ يەرگە يىغىلىۋالغان بولۇپ، بۇ مېھىر-مۇھەببەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە سەۋرسىزلىك بىلەن تەشنا بولۇپ تۇراتتى. بىراق مانا بۇ شارائىتتا ئەنە شۇ ئىنسانىي مۇھەببەتكە ئاتالغان جەۋھىرىمنى بىكارغا كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇلارنى ھېس قىلالمايتتى. بىراق كىشىنى قىيناپ تۇرغان ئاشۇ مېھرى-مۇھەببەت جەملەنگەن جەۋھەردىن قۇتۇلۇش ئېچىنىشلىق بولسىمۇ كىشىگە لەززەت بېغىشلايتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇنى قانىماي-قانىماي سۆيۈشكە باشلىدىم. بىراق بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق سۆيۈش ئىدى. بىر ئادەمنىڭ سۆيۈشنى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بېرىشىدىنمۇ بىچارە ئىش بارمۇ؟ بىرھازادىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئۇنىمۇ سۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شەكسىزكى، بۇ بىر خاتا تۇيغۇ ئىدى. سۆيۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا سۆيۈشنى دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن بەخت بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئېھتىمال ئەمدىلا سۆيۈشنىڭ نەقەدەر ئازاب ئىكەنلىكىنى سېزىۋاتقاندىمەن. ماڭا تەۋە بولغان سۆيۈشلەرلا شۇنداقمىدۇ - يا؟ باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشكەن چاغدا مەندەك تۇيغۇدا بولۇشى ناتايىن. بۇ غەلىتە تۇيغۇلار ئىچىمدە تۇرۇپ، بىر قورقۇنچلۇق كېسەلگە ئوخشاش مېنى شوراپ قۇرۇتماقتا ... ئاھ! غېرىب سۆيۈش، غېرىب مۇھەببەت! ...

تۇيۇقسىز مۇزدەك بىر تىترەك تېنىمگە تاراپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى دېگۈدەك ئەنسىزلىك بىلەن ئالدىراپ ۋە چوڭقۇر كۆزىتىپ بىر رەت سىلاپ چىقتى. ئۇنى سۆيۈۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن يالىڭاچ دۈمبىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوللىرىمدىكى قەھرىتان قىشتەك ئازابلىق ۋە بىپايان سوغۇق سېزىمنى ھېس قىلىپ، يۈرىكىم لەڭگىدە قىلىپ ئېچىپ كەتكەندى. گاڭگىراش ۋە ۋەھىمە بىلەن بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. مېڭەمدىكى خىياللار كۆيۈپ كەتكەندەك كاللام خىياللارنىڭ ئاچچىق ئىسسى بىلەن تولغانىدى. بىرھازا سىلاشلاردىن كېيىن سەزدىمكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇقەدەر يۇمشاق، يېقىملىق ۋە ئىللىق بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىك ئايال ئىكەنلىكىنى، تېنىدە قاننىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى چەكسىز ھاياتىي قۇدرەتنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. شۇندىلا تېنىمدە قاتمۇ-قات مۇز قاتلاملىرىدەك سوغۇق قاراسلاپ تۇرغان ئۇيۇشۇپ قېلىشنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىقىنى، تېنىمنىڭ ماڭا ئەڭ يېقىن يەردە كۆرۈنمەي تۇرغان قىسمىدىكى، ئايالنىڭ يۇمشاق، سىلىق ۋە ئىللىق تېنىگە سىڭىپ كېتىش تەشنالىقىدا ئوتتەك قىزغىن چىڭدىلىشتىن پەيدا بولغان يېقىملىق ئاغرىشىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان چەكسىز ھاياتىي قۇدرەتنى قايتا بايقىۋالدىم. بىراق بۇ بايقاش مېنى ھېچقانچىلىك خۇشال قىلىۋېتەلمىدى. يوقاپ كەتكەن نەرسىنى قايتا تېپىۋالغانغا خۇشال بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ چۈنكى يوقاپ كەتمىگەندە ئۇنىڭ ئۆزۈمدە بارلىقىدىن ھېچ شادلىق ھېس قىلمايتتىم ...

بىرھازا بىخۇدانە سۆيۈشتىن كېيىن ئۇنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئەتراپقا بەختىيارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدۇم. بىراق دەل ئەنە شۇ بىر چاغدا ئۇنىڭ قولۇمدىن پەسكە سىيرىلىپ تۇرغاندىكى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، پۈتۈن كائىناتتا، پايانسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئۆزۈمنى يەككە - يىگانە ھالدا ئازابلىق، تەشنالىق دەستىدىن ئىڭراپ تۇرغاندەك، كائىنات ئادەمسىز چۆلدەرەپ، مېنىمۇ چۆلدەرەش، ئىچىمگە يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھېس قىلدىم. قۇچىقىمدا مەندىن باشقا يەنە تىرىك ۋۇجۇدنىڭ روھقا ۋە پارلاق جىنسىي تەلپۈنۈشكە ئىگە ۋۇجۇدىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئۆزۈمنى ئىشىنىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، ئۇنى غىرىدەپ باغرىمغا چىڭ باستىم، قويۇق چاچلىرىنى قوللىرىم بىلەن كەينىگە تاراپ، ئۇنىڭ مەندىن يىراقلىشىپ، كۆز ئالدىمدىن ئۇچۇپ كەتمەكچى بولغاندەك خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈزلىرىگە بىرھازا تىكىلدىم. نېمىشقىدۇر ئۇنى سەل يىراقراق جايدىكى كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىدىكى نۇر قايىنىمى ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، سۈزۈك ۋە ئاقلىقىنى تاماشا قىلغاچ سۆيگۈم كەلدى. دەل شۇندىلا كۆزلىرىمگە سانجىلىپ، سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ شەكىللىرى بىلەن، رەڭلىرى بىلەن قادىلىپ مېنى قىيناپ كەلگەن قۇياشقا تەشنا بولدۇم ... قۇياشسىز زۇلمەت قوينىدا ئوغرىلىقچە، جىنايەتكارلارچە سۆيۈشتىن ئۇيالدىم. ئۆزۈمنى بىھۇدە جىنايەتكار ھېس قىلغىنىمدىن پۇشايمان قىلدىم.

ئۇنى قانچىلىك ۋاقىت سۆيگىنىمنى بىلمەيمەن، سۆيۈش ئۇزارغانسېرى، چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇ مەندىن بارا - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ بار كۈچۈم بىلەن چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئۇنى سۆيگەچ ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ رىتىمىنى جەمجىت تىڭشىدىم. ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ بىرخىل ئەمەسلىكىنى، بىردەم بىردىنلا قىسىلىپ تەسلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى، بەدىنىدىكى شىددەتلىك غىدىقلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتقىنىنى، تىنىقىنىڭ گاھى - گاھىدا ئېنىق بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتقانلىقىنى غۇۋا سېزىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ تىنىقى ماڭا تەۋە بولمىغان باشقا بىر دۇنيادىن ماڭا قاراپ سېزىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ گاھ شىددەتلىك، گاھ دولقۇنسىمان شېرىن كۈيگە ئوخشاش يۈزلىرىم ئارقىلىق روھىمغا ئۇرۇلۇپ تىنىقىمنى بىھوش قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇرۇلىۋاتقانلىقىنى، نېمىگىدۇر چىدىغۇسىز ئىنتىلىدۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم. ئەگەر ئۇ باياتىندىن بېرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى سېزىپ تۇرغان بولسا ئۇنىڭ ماڭا مەڭگۈ يىراق ۋە ناتونۇش ئىكەنلىكى، بىراقلا يەنى پارتلاش شەكلى بىلەن ئاشكارا بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتەتتىم. كىشىنى بىزار قىلىدىغان خورەك ۋە تەرلىگەن تەنلەردىن تارقالغان سېسىق تەر پۇراقلىرى ئارىسىدا غەرق بولۇپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم. بۇ سېسىق پۇراقلار ئەڭ يامان چۈشلەرنى پەيدا قىلاتتى.

سۆيۈشتىن توختاپ ئۇنى يەنە بىردەم كۆزەتتىم. ئۇنى مەدەرلەتتىپ، سىلكىپ باقتىم. ئۇنىڭ بەدىنى پەقەت بوش تەۋرەپ سۇس ئىڭراپ قوياتتى. چىراي يە- ندىن كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقى ئېنىقلا چىقىپ تۇراتتى. نېمىگە قاراپ شۇنداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى ئۇقمايمەن. بىراق شۇ تاپ ئۇنىڭ ھېچنەر- سىنى سەزمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

نەدىدۇر بىر تونۇش يەردە پايانسىز چۆلنىڭ قۇملىرى دولقۇنلىماقتا...

مەن دولقۇنلارنىڭ ئېنىمدىكى قان ۋە بارلىق ھاياجان يىغىلىپ چىگىدىلىپ كېتىۋاتقان يەرگە زىمىستان، قەھرىتانىدەك ئۇرۇلىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتەمەن... مەن مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قىزنى ھەقىقىي سۆيۈپ باقمىغانىدىم. شۇڭا سۆيۈشنىڭ، لەۋلەرنىڭ، ئاياللار ۋۇجۇدىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا بىلىپ كېتەل- مەيتتىم. بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى ئايال جىنسلىقلارغا بولغان تەلپۈنۈشىم كۈچىيىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تېخىمۇ سىرلىق، گويا مەڭگۈ يەت- كىلى بولمايدىغان، مەڭگۈ تۈزۈپ باققىلى بولمايدىغان، پەدەنىڭ ئۇچىنى تەككۈزگىلى بولمايدىغان بىر خىيال، بىر چۈش، بىر مەۋھۇم جىسىم سۈپىتىدە ھېس قىلاتتىم. ئەتراپىمدا يۈرگەن بېھىساپ ئاياللارنى كۆزىتىپ قاراپ كەتكەنسېرى ئۇلار تولىمۇ ئاددىي قىياپەتتىن بەكمۇ يۈكسەك كىلىككە كۆتۈرۈلەتتى. گاھى ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالماي قالاتتىم. چۈنكى ھېچ كىشى ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

ئۇنى سۆيگەندە پەيدا بولغان تۇيغۇلىرىمدىكى مۇرەككەپلىككە قاراپ بىردىنلا تاسادىپىي ھالدا مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قىزنى ھەقىقىي سۆيۈپ باقمىغانلىقىمنى ھەتتا ئۇنى سۆيگىنىمىز ياكى ئۇنى ھېلىقى ئادەمنى بەربات قىلىدىغان مۇدھىش نەم ھاۋا ۋە لەنىتى ئورمانلىقتا باشقا بىراۋ بىلەن سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدىمۇ... ئىشقىلىپ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن سۆيۈشكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق كەچۈرمىشلىرىمىمۇ سۆيۈش دېگەننىڭ ئەسلىدە مانا شۇنداق كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئەقىل يەتكۈسىز سىرلىق غەيرىي ۋە ئەپسانىۋى مۇھىتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، سۆيۈش دېگەننىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ۋە چەكسىزلىككە. ئىگە ئىكەنلىكىنى سەزمىگە- نىكەنمەن. ئۇنى قانىماي يىرتقۇچلارچە سۆيەتتىم ۋە بۇ سۆيۈشۈشنى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزدىتىپ، كۆزەتكەنسېرى بۇ سۆيۈشنىڭ تېخىمۇ يېڭى تۈيغۇلىرىنى، خۇددى ئەمدىلا لېۋىمنى ئۇنىڭ لېۋىگە ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك تۈيغۇلىرىنى سېزەتتىم... ئۇنى سىلاۋاتقان قوللىرىم خۇددى. ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش يۇمشاق ھەم ئىللىق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قوللىرىمنىڭ ئالقىنى ۋە بارماقلىرىمدىكى ئىنچىكە تومۇر ۋە ھۈجەيرىلەرنىڭ تىنىمسىز تىترەپ لوقۇلداپ، يايراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ قىپقىزىل چىرايلىق ئېغىزىنى چىشلەپ-چىشلەپ خۇددى ئاشۇ لەۋلەرنىڭ تېرىلىرىنىڭ ئىچىدە مەن ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك، تاپالمىسام

نادامەتتە قالىدىغان ئاجايىپ بىر نەرسە يوشۇرۇنغاندەك نىمىدۇر بىر نەرسىنى تەشنالىق بىلەن ئىزدەيتتىم. شوراپ ئۆزۈمگە .پۈتۈنلەي سۈمۈرۈۋالماقچى بولغان بولسام كېرەك. ئىنسان جەننەتتىن بۇ دۇنياغا مەھبۇس بولۇپ پالانغان ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ شەيتاننىڭ يەنە بىر قېتىم قۇتراپ مېنى ئەقىل مېۋىسى يېگۈزۈشتىن خۇدا ساقلىسۇن. مەن ئازابلانماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئەقىلدىن خالىي بىھوش ھالدا سۆيەي! ئۇنىڭ لەۋلىرىگە بىر تىكىلىپ، بىر سۆيۈپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئىستىكى مېنى قىينىماقتا. ئىبلىسنىڭ گۇناھى ناھەق ھالدا ئادەملەرگە تېڭىلغان. ئادەملەر ئوتتىن يارالغان ئىبلىسقا ئالدانغانلىقى ئۈچۈن ھەممە لەززەت، نۇردىن خالىي جايدا، قاراڭغۇ زۇلمەتتە ئېلىپ بېرىلماقتا... ئۇنى سۆيگەچ سۆيۈش توغرۇلۇق خىيال قىلاتتىم. ئۇنى سۆيۈۋېتىپ نېمىشقىدۇر بىردىنلا تېنىم شۈركىنىپ كەتتى-دە، توختاپ قالدىم. ئۇ قۇچىقىمدا ئۆلۈكتەك تۇراتتى. ئاھ، دۇنيادا كىمنىڭ بىر ئۆلۈكنى، بىر جەسەتنى سۆيۈشكە پېتىنالىسۇن؟ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بارمۇ؟! كىشىلەر شۇنچە تەشنا بولىدىغان «سۆيۈش» تىن شۈركىنىپ كېتىشتىنمۇ بەكرەك ئازاب بارمۇ-ھە؟! شۇنچىۋالا غەلىتە ئىشتىنمۇ كىچىككىنە بولسىمۇ ئەيمىنىپ قويماپتىمەن. كىم بىلىدۇ، مېنىڭ روھىمغا مەسھەدەك سۆيۈش ئارقىلىق ئادەمنى تىرىلدۈرۈشتەك جاسارەت بارمۇ تېخى؟ سۆيۈش ئادەمگە جان ئاتا قىلالايدىغان بولغاچقىلا ئىنسانلار سۆيۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن بولسا كېرەك. بىراق شۇ تاپ سۆيۈشكە تەشنا بولغۇچى مەن ئىدىم. ئۇ ماڭا جان يەنى ھايات بەخش ئەتسە بولار ئىدى. بىراق ئۇ قۇچىقىمدا ئۆلۈكتەك، جانىنىمۇ، تىرىلىشىنىمۇ كېرەك قىلمايدىغان ئۆلۈكتەك ياتاتتى. بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى يۈرىكى ۋاقىتلىق توختاپ قېلىپ ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنى ئاغزىدىن سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

سۆيۈشۈمدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا راستىنلا جان پەيدا بولسا بۇ بەك قورقۇنچلۇق. چۈنكى مەن شۇ ھامان ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولىمەن. ئۇ قۇچىقىمدىكى مۇنۇ ئايال ئەمەس، بەلكى غەزەپلەنگەن يات بىر ئايال بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئۇنىڭ باغرىمدا ئۆلۈكتەك تۇرۇشى ئادەمنى تېخىمۇ ئەيمەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولسامۇ كۆزىنى ئاچسا ئىدى، بەلكى ھېلىمۇ ئۇنىڭدىن مەھرۇمدىمەن، راست ئەمەسمۇ، نېمىگە ئاسلىنىپ ئۇنى ئۆزۈمگە تەۋە دېيەلەيمەن؟ بەلكى ئۇ شۇ تاپ ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك مەستلىكى قوينىدا—كۆرۈنمەس، يىراق ۋە مەخپىي بىر قاراڭغۇ جايدا مېنىڭ سۆيۈشلىرىمدىن قىلچە خەۋەرسىز ياشاۋاتقاندۇ. چۈشىدە ئاللىكىملەرنىڭ سۆيۈشلىرىدىن مەست بولۇپ ئۇلارنى مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن ئەسەبىيلەرچە نازۇ-كەرەشمە بىلەن بولۇشچە كۈلۈۋاتقاندۇر ياكى پۈتۈن كائىناتتا مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىركىملەرنىڭ سۆيۈشلىرىگە تەشنا بولۇپ ئاللىقەيەرلەردە ئىڭرىماقچى بولۇپ، بىراق ئاۋازسىز ئىڭراپ يۈرگەندۇر. مەن غەلىتە ھېسسىياتلار دەستىدىن ئۇنى سۆيەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم. ئەتىلا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىزسىز يوقايدۇ. ئۇنى پۈتۈن ئىشقىمنى بېرىپ، ئۇنى شۇ قەدەر مۇقەددەس چاغلاپ

يۈرىكىمنى پۇچۇلاپ سۆيگۈنۈمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىلمەسلىكىمۇ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۆزى بولسىمۇ بۇنى بىلسە ئىدى... ئاندىن ئەتە بۇنى بىر چۈش ياكى خام خىيال دېمەي، رېئاللىقتا بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنەلىسەم.

نەدىدۇر بىر نائېنىق، يىراق، تونۇش، بەكمۇ تونۇش يەردە پايانسىز قاغجىراپ تۇرغان چۆل جان تالىشىپ دولقۇنلىماقتا... ئۆلۈم ئۇنى زەرب بىلەن دولقۇنلىتىپ ھۇۋۇلىتىۋاتىدۇ... ئاھ! كۆيدۈرگۈچ ئۆلۈم! مۇھەببەتنى بىر ھېسسىيات، بىر تۇيغۇدىن ئۆزگەرتىپ ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلاندۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسمىدۇ؟ ئۇ مەۋجۇدىيەتكە ئايلانمايدىغان بولغاچقىلا مەڭگۈلۈك، مەۋجۇدىيەتكە ئايلانسىلا بىر-دەملىك بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەتكە ئايلانماسلىقى نەقەدەر ئازاب-ھە! باياتىن بىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىنى قانماي سۆيۈپ كەتكىنىمدە ماڭا ئەجەبمۇ ئۆلۈم تېتىپ قالماپتۇ-ھە؟! ئىككى جۈپ لەۋنىڭ ئارىسىغا ئۆلۈم بىلەن ھايات ئارىسىدىكى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى قىلچىمۇ ھېس قىلمىغانلىقىمغا بۇ سۆيۈشنىڭ بىر جان تالىشىش ئىكەنلىكىنى قىلچىمۇ ھېس قىلىپ يەتمىگىنىمگە ھەيرانمەن. ئەتىسى يەنە ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ھەقىقىي سۆيۈشۈشكە — ئۇنىڭمۇ، مېنىڭمۇ سۆيۈشۈمدىن تۈزۈلگەن مۇكەممەل سۆيۈشۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنى تېپىش، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش كېرەك. بىردەملىك ئازابلىق سۈكۈتتىن كېيىن رېئاللىققا قايتىپ كېلىپ چوڭقۇرلىشىپ، چوڭقۇرلاشقانسېرى قالايمىقانلىشىۋاتقان خىياللىرىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتراپتىكى جىمجىت ئۆيلەرگە، تار كوچىغا، بارغانسېرى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن قاراڭغۇلۇققا ئىنچىكە قاراپ چىقىشقا باشلىدىم. بۇ ئارقىلىق ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغانىدىم، بىراق بۇ مەنزىرىلەر بارغانسېرى غەلىتە بىر چۈش مۇھىتىدەك تۇيۇلاتتى. مېڭەم بارغانسېرى سەگەكلىشىپ بارماقتا ئىدى. ھاراقنى ئۆلگۈدەك مەست بولغۇچە ئىچەي دېگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. كاللام ئادەتتىكى ساق چاغلاردىن نەچچە ھەسسە سەگەكلىشىپ ئادەتتە سېزىش مۇمكىن بولمىغان قورقۇنچلۇق تۇيغۇ-لارغا چىرماشماقتا ئىدى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! ئەنە شۇ تۇيغۇلاردىن كېيىن ئۇنى يەنە سۆيۈشۈم مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق بىردەمدىن كېيىن لەۋلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا يەنە ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سوزۇلدى. قوللىرىم ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى تىرىك ھايات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئاستىدا يالىڭاچ تېنىدىكى ھەر بىر تال ئىنچىكە تومۇرلارغىچە بىر-بىرلەپ سىلاپ تېپىپ، ئۇلاردا ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قانلارنىڭ ھەممىسىنى ھېس قىلىپ چىقماقچى بولغاندەك تەشنالىق بىلەن سىلايتتى. قوللىرىم زەئىپ، ئاجىز ۋە ئاچ قالغان بىر دىۋانىدەك يېلىنىش ۋە مۇلايىملىق بىلەن سىلايتتى، بىراق خۇددى قارىغۇ دىۋانىدەك ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ نازۇك ۋە گۈزەل تولغان شەكلىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي سەرسان ئىدى.

مەن يەنە ئۇنىڭ يۈزلىرىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى غۇۋا كۆلەڭگىلەر

ۋە تاتىرىپ كۆرۈنگەن سۇلغۇن يۈزلەرگە ئىنچىكە تىكىلدىم. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن غۇۋا، ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان سۇس بىر ھاياجاننى بايقىۋالغاندەك بولدۇم. بۇ ھاياجان ئالىلىكىلەر تەرىپىدىندۇر قاتتىق تۇسۇۋېلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئېنىق چىقالماي قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزدىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىنىقىغا يۈزلىرىمنى يېقىن ئەكىلىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. بەلكىم كۆزنى يۇمۇۋالغاندىلا سىرتقى دۇنيانىڭ بارلىق دەخلىسىدىن قۇتۇلۇپ ھەممە قابىلىيەت ۋە قۇدرىتىمنى جەم قىلالايمەن، شۇ ئارقىلىق سىنچىلاپ كۆزىتكەن نەرسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمەن دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك.

مەن مەندىكى بارلىق مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان، ئىنساننى داۋاملىق ياشاشقا ئىنتىلدۈرىدىغان ئاشۇ روھىمنىڭ، جىسمىمنىڭ جەۋھىرىنى بىر مەستلىككە، بىر ئۈلۈمگە تەقدىم قىلىۋاتاتتىم. بۇلار مېنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر بايلىقىم ۋە مېنىڭ مەۋجۇدىيىتىم ئىدى. مەن ھەممىنى، ئۆزىنىڭ ئىگە بولۇۋاتقىنىنى بىلەن پەرۋايى پەلەك بىراۋغا ياكى ئىگە بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان بىراۋغا تەقدىم قىلىۋاتاتتىم. ئۇ بۇلارنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىسىمۇ ئاشۇلارنى بىلسە ئىدى كاشكى! بۇ بىكاردىن-بىكار جاننى ئىسراپ قىلىش ئىدى. ئەڭ يېقىن، ئەڭ يىراق بىر جايدا بىپايان چۆل شىددەت بىلەن سوغۇق دولقۇنلىماقتا... ۋۇجۇدۇمنى ئاشۇ دولقۇنلار پەيدا قىلغان مۇزدەك سوغۇق تىترەك سەۋدايىلارچە كەزمەكتە. قاغجىراپ تۇرغان قۇم ئۈلمەكتە. ئېچىرقاپ دولقۇنلاۋاتقان قۇم ئۆلۈمنى سېزىپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۆركىرىمەكتە. چوغدەك قىزىق ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھۇۋلاش ۋە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ دولقۇنلاشتىن باشقا ھېچنەرسىنى بەخش ئېتەلمەيدۇ.

ئەمدى ئۇنى سۆيۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قولتۇقلاپ گاھى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇ تاركوچىلار ۋە كوچا چىراغلىرى بىلەن قاراڭغۇدىنمۇ بەكرەك خۇنۇك، ئادەمنى دۈتلەشتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك گاراڭ چىراغ نۇرلىرى تولغان كوچىلاردىن ئايلىنىپ مېڭىپ كەتتىم. ئۇنىڭ دولىسىغا ئېسىۋالغان كىچىك سومكىسى ئىچىدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئۇسسۇل فاكۇلتېتىغا ئۇسسۇل رېژىسسورلۇقىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى بىلدىم. يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئادەمسىز بولۇپ تېخىمۇ ئازادە، خۇددى ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە كېڭىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئادەمگە بىردىنلا چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىپ كۆڭۈلنى غەش قىلىپ قوياتتى. بىزنىڭ يول ماڭغاندا چىقارغان تاۋۇشىمىز بىر مەجرۇھ ئادەمنىڭ قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىدىكى ئاياغ تاۋۇشىدەك كەڭرى كوچىنى ئاستا تارقىلاتتى. ھەركۈنى ماڭىدىغان يوللار خۇددى مېڭىپ باقمىغاندەك ناتونۇش ئىدى. خۇددى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ، يولدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ قىياپىتىدىن مەن بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەر چىقىپ تۇرغاندەك

قىلاتتى. بىراق بۇ ئىپادىلەرنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتىم. ئۇ مېنى
ياخۇشال، ياخاپا قىلالمايتتى. مەندە مۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈش قابىلىيىتى قالمىغان-
دەك قىلاتتى. مەن ئۇنى ياتىقىغا ئېلىپ كىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدۇم-دە،
قېچىپ كەتمەكچى بولغىنىمدەك تېزلىك بىلەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتمەكچى
بولۇپ ئىشىككە قولۇمنى ئۇزىتىشىمغا ئۇنىڭ ئىڭراپ جۆيلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
يۈرىكىم لەخكىدە قىلىپ تېنىمگە تىترەك ئولاشتى-دە، توختاپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم.
ئۇنىڭ جۆيلۈپ قىلغان سۆزلىرىدىن ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. بۇلار بىر
قاتار بىر-بىرىگە مۇتلەق باغلانمايدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار قاتارى ئىدى. بەلكىم
ئىنسانلار تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ يۈكسەك
ھېسسىياتىنى مانا مۇشۇنداق بىر-بىرىگە قىلچە باغلانمىغان تاۋۇشلار قاتارى بىلەن
ئىپادىلەيدىغاندۇر. بەلكىم ئۇ چىقارغان ئاشۇ بىرقاتار تاۋۇشلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن
بولغان باغلىنىشى ئادەتتىكى سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تاۋۇشلارنىڭكىگە قارى-
غاندا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقىلا، بۇنداق كۈچلۈك باغلىنىشچانلىقنى بىز تەسەۋۋۇر
قىلىپ يېتەلمىگەچكىلا ئۇلار ئەنە شۇنداق چۈشىنىكسىز ۋە بىمەنە تۇيۇلىدىغاندۇ.
ئادەمدىكى تۇيغۇلار ئۆزىنىڭ يۈزەكىلىكىنى ئالداپ ئىنسانلارنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن
مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ مەھرۇملىقىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋې-
لىشقا ئۇرۇنۇشنى خالىمايمىز ياكى ناھايىتى ئادەتتىكى نەرسە دەپ ئۆتكۈزىۋېتىمىز.
بۇلار قورقۇنچتىن بولسا كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ
مۇقەددەس نەرسىلەردىن ئۆزىمىز خالاپ بىلىپ-بىلمەيلا كېچىۋېتىمىز. ئۇ ماڭا پۈتۈن
كائىناتتا، چەكسىز كائىناتتا ھېچ كىشى تاپالمايدىغاندەك بىرلا، پەقەت بىرلا
ماڭا سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بىراق بۇنداق ھېس قىلىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلى-
كىنى ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ باغرىمغا بېسىپ جۆيلۈمە، قورقما جېنىم،
مەن سېنىڭ يېنىڭدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە روھىم بىلەن يېنىڭدىمەن دېگۈم كېپكەتتى.
مەن ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا
سەل قاراشنىڭ ماڭا نۇرغۇن زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇ-
نىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى
«ئاھ، جېنىم» دېگەن سۆزنى ئېنىق ئىلغا قىلالىدىم. ئۇ كىمنىدۇر «ئاھ، جېنىم» دەپ
ئاتاۋاتاتتى. ئۇنىڭ جېنى بولالايدىغان كىمدۇ؟ بىر ئادەم ئۈچۈن يەنە
بىر ئادەمنىڭ جېنى بولۇش دېگەن نەقەدەر بەخت-ھە!

مەن ئىشىكتىن چوقۇم چىقىپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق مېنىڭ ۋۇجۇ-
دۇمدىكى ناتونۇش بىر كۈچ ئۇ جۆيلىگەندە مېنىڭ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىغان پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ باردى. ئېغىر سايىدەك ئۇنىڭ
يېنىغا ئاستا سۇرۇلۇپ باردىم. سۇرۇلۇپ باردىم-دە، بىردىنلا سارالاڭ بولۇپ قالغاندەك
ئەسەبىيلەرچە بىر ھەرىكەت بىلەن (بۇ ھەرىكەتنى كېيىن ئويلىغاندا نومۇس قىلىپ
كەتتىم) ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

قاتتىق ھاياجاندىن پەيدا بولغان تىترەك قوللىرىمنى مېنىڭ ئىرادە قىلىشىمدىن

قۇتۇلدۇرۇپ، قوللار خۇددى مېنىڭ ئەمەستەك ئۇنىڭ كىيىملىرى ئۈستىدە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خۇددى تېرىدەك بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان يارىشىملىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاتقانىدا خۇددى ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىۋاتقانىدەك، ئۇنىڭ تېرىلىرى ئاستىدىن قانداقتۇر ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر نەرسە چىقىدىغانىدەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكىم ئۇيۇشۇپ قېلىۋاتقانىدەك قىلاتتى... تىترەش قېتىم سانى قانچە كۆپەيسە، دەقىقىلەر ئارىلىرىدا سىغماي قالسا يۈرەكتىكى بۇ تىترەك ئەنە شۇنداق ئۇيۇشۇشقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرغۇچە كۆزلىرىم ئۇنىڭ يۈزىدىن يۆتكەلمەي، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاتقانىدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئاجايىپ يوشۇرۇن جىددىيلىشىشنى ئېنىق كۆرگەندەك بولدۇم. قاتتىق ھاياجان ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ پۇچۇلاۋاتقانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىرىمۇ خۇددى تېرىسى شىلىنىۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك قىياپەتكە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، ئىنچىكىمۇ ئەمەس، توممۇ ئەمەس ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى سۇس كۆك رەڭدە بويالغان كەڭ قاپاقلىرى ئۈستىدە ھەرىكىتىمنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ئەگىشىپ بىر قېتىم قاتار سىزىقچىلار پەيدا بولۇپ كەينىگە قايرىلىپ تۇرغان ئۇزۇن-ئۇزۇن قويۇق كىرپىكلىرى سۇس تەۋرەپ كەتتى. بۇلارنى مەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆزىتىپ تۇرغانلاردىن باشقىلارنىڭ كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنى پەقەت مېنىڭلا كۆزۈم كۆرەلەيتتى.

ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى ياستۇق ئۈستىدە يېيىلىپ، ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك ۋە ئاق يۈزلىرى بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئاشۇ يۈزلەردىكى تەڭداشسىز گۈزەللىكنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى.

ئالدىمدا ھەقىقىي بىر تىرىك جان، ھەقىقىي ئايال ھالىتىدە ياتاتتى. مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي ئايالنى، ئايالنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى — دەل ئۆزىنى كۆرۈۋاتاتتىم. ئۇ مەجرۇھ، كەمتۈك ئايال بولماستىن، بەلكى ساپمۇ-ساق، پۈتۈن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن مۇقەددەسلىك، يەنى ئاياللىق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئاياللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ چۈشلىرىمدىكى ۋە خىياللىرىمدىكى مەۋھۇملۇق تۈسىدىن شەكلى ئۆزگەرگەن ھەم غايەمنىڭ، ئىنتىلىشىمنىڭ قاتتىق چوڭقۇر بولۇشى بىلەن بۇزۇۋېتىلگەن ئاياللارغىمۇ مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئالدىدا مەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە پۈتۈن روھىم بىلەن مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا جالاقلاپ تىترىگىنىمچە تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە مەندە — مېنىڭ يۈرىكىمدە، مېڭەمدىمۇ، گۆش، سۆڭەكلىرىمدىمۇ شىددەت بىلەن نېرۋا ۋە تومۇرلىرىمدىمۇ لاغىلداپ تىترەشتىن باشقا — چەكسىز چوڭلۇقتىكى شىددەت بىلەن قاينىغان ئۆلۈم قوينىدا دولقۇنلىنىشقا ئوخشاش مۇزدەك سوغۇق ۋە ئۆلۈك دولقۇنلاشتىن باشقا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەت چەكسىز جىددىيلىشىش، تۈگىمەس جىددىيلىشىش ۋە

قورقۇنچ ھېس قىلاتتىم. ئەمدى باياتتىندىن بېرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چوغدەك قىزدىق تەپتى بىلەن چىدىغۇسىز يايرىتىۋەتكەن ئەسەبىيلەرچە غىدىقلىنىش ۋە پارتـلاش ئالدىدا تۇرغان مەھلىيالىق ئىزسىز يوقالغانىدى. خۇدۇمنى يوقاتقاندەك قىلاتتىم. ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەللىك ھەرقانداق كىشىنى ئەنە شۇنداق ۋەھىمىگە سالاتتى.

پۈتكۈل كائىنات پەقەت مېنىلا ۋەھىمە بىلەن پۈتۈن ئەس - يادىنى يىغىپ، تىنىقىمنى ئىچىمگە چىڭ يۇتۇپ كۆزىتىپ تۇرغاندەك ئەتراپنى پايانسىز جىمجىتلىق باسقانىدى. مەن ئەنە شۇ جىمجىتلىقنىڭ پايانسىز قوينىدا پەقەتلا ئۆگە - ئۆگىلىرىمنىڭ پات - پات غەلىتە قاراسلاپ قويۇشلىرى ۋە تۈكۈرۈكۈمنى قىيىنلىق يۇتقان چېغىمدا، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بوغۇزۇمدىن چىقىپ كېتىۋاتقان غەلىتە ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن چەكسىز تەلپۈنۈپ كەلگەن ھەقىقىي ئايال — قىپيالىڭاچ ئايال ئالدىمدا ئىدى.

ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان گۈزەللىكتىن ئالاقىزادە بولۇپ قانچىلىك تۇرغىنىمنى ۋە نېمىلەرنى خىيال قىلغىنىمنى بىلمەيمەن...

ھاراق ۋۇجۇدۇمنى ئاستا تارقىلىپ، خىياللىرىمىزچە سىڭىپ باراتتى. قولۇمدا مۇزدەك سوغۇق رومكا چىڭ سىقىپ تۇتۇلغان بولۇپ، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئالقانلىرىمىز قىزىپ كەتكەن، ھاراقنىڭ تېمىپچە كېلىپ تۇرغان كۈچى تومۇرلىرىمنىڭ سوقۇشىنى كۈچەيتىۋەتكەن. مۇزدەك سوغۇق رومكىنا تومۇرلىرىمنىڭ تىنىمسىز سەكرەپ ئۇرۇلۇشىغا زەڭ سالماقتىمەن. بۇ سەكرەش جانىمنىڭ سەكرىشى، روھىمنىڭ ھاراققا ئۆزىنى ئاچچىق بىلەن ئۇرۇشى بولسا كېرەك.

مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى يوللار، گۈللۈكلەر ۋە چىملىقلاردىن كېلىۋاتقان نەمخۇش ھاۋا، خۇددى ھاراقتەك ياكى ھاراقنىڭ قېنىق پۇرىقىدەك تېنىمگە سىڭىپ كىرىپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان ھاراقنىڭ كۈچىگە قېتىلىپ كەتمەكتە...

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان يوللارنى (نەدىكى بىللە مېڭىش بولسۇن) مەن ئۇنى قولتۇقلاپ، يۆلەپ ئېلىپ كەلگەن يوللارنى (ئايلانما قىلىمەن) بۇ يوللاردا مەن ھېچكىم بىلەن بىللە ماڭمىغانىدىم، پەقەت گۈزەل بىر گەۋدىنىڭ (ھېچنەرسىسىنى ئەمەس) ئېغىرلىقىنىلا كۆتۈرۈپ بۇ يوللاردىن يەككە - يىگانە، غېرىبانە ھالدا ئۆتكەنىدىم.

ھاراق بەدىنىمدە ئاچچىق كۆيدۈرۈپ بىر توپ ئېغىر ۋە خۇنۇك بۇلۇتقا ئوخشاش ئاستا سىلجىپ ماڭماقتا...

ئاخشام ماڭدىم دەپ ئويلىغان كوچىلارغا ئاۋاق ۋە ئۇزۇن، بىچارە سايە تاشلاپ كېتىپ بارىمەن.

كوچىلاردىكى مىڭدىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپى بىر - بىرىگە گادىرماچ بىر تەرىزدە ئارىلىشىپ، دۇنيا گىمچىسا چاچاڭ بولۇپ، پېتىقلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇ-

لاتتى. ئادەملەرنىڭ قالايمىقان قىستىلىشىپ تۇرغان خىيالـلىرىدىنمۇ بوشلۇق تار كېلىپ ساراڭ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاپ قالغان.

قاتتىق ئاغرىۋاتقان مېڭەمنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ئەگىشىپ سىلكىنىشى ۋە بۇ سىلكىنىشكە ئەگىشىپ خىيالـلىرىمنىڭمۇ تىنىمسىز سىلكىنىشىنى كۆزەتكەچ بۇ يوللاردا نېمىشقا مېڭىپ كېتىۋاتقىنىمنىمۇ بىلمەي كېتىۋاتىمەن. بۇ يوللارغا تۇيۇقسىز قاراڭغۇ چۈشۈپ يەنە ھېلىقى دالىدىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مېنىڭ ئەمەسـتەكلا تۇيۇلىۋاتقان باغرىمغا چىڭ بېسىپ تۇرۇشۇم ۋە ئۇنى ئازاب بىلەن سۆيۈپ ئورغۇنلىغان بىنورمال خىيالـلارغا چۆمـۈلۈشۈمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىمەن.

دۇنيا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ خىيالـلىرىدىن رېئاللىققا قايتقان. ئەتراپ ئادەملەرنىڭ ھاياتقا بولغان چۈشىنىكسىز قىزغىنلىقى بىلەن پۈركەلگەن. مەن يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز بىرروختىزملۇقىمغا ئەسىر بولۇپ لەيلەپ يۈرۈۋېتىمەن. ئۇ چاغدا دۇنيا مەڭگۈ بۇ قىياپىتىگە قايتىپ كەلمەيدىغاندەك، مەن ھېلىقى دالىدىدا مەڭگۈ شۇ پېتى تۇرىدىغاندەك ھېس قىلغانىدىم. ئەگەر تۈنۈگۈن ئاشۇ ھالدا ئۆلۈپلا كېتىپ قالغان بولسام پۈتۈن ھاياتىمنى پەقەت ئاشۇ دالىدىلا كېچە قوينىدا ئۇنى سۆيگەن ھالدا ئۆتكۈزگەن ھېسابلايتتىم.

مۇھەببىتىم بەكمۇ چەكسىز ۋە بەكمۇ چوڭقۇر بولغاچقا، بىھۇدە ئىسراپ قىلىنىپ، مۇھەببىتىم چەكسىز بولسىمۇ ئاخىرى تۈگەپ كېتىدىكەندى. گەرچە خالىمىغان جايغا بىھۇدە چېچىلىۋەرگەن ۋە بەكمۇ ئەرزان ھەتتا بىكارلىق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ مۇھەببىتىم بەكمۇ ئۇلۇغ، يۈكسەك ۋە مۇقەددەس مۇھەببەت ئىدى. دۇنيادا مېنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلالايدىغان قوينى ئۇنداق چەكسىز كەڭرى روھ يوق ئىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ روھى تىنىپ، ئۇيۇلتاشتەك قېتىپ كەتكەنىكەن.

تۈنۈگۈن ماڭدىم دەپ ئويلىغان يوللارنى قېيزدۇۋەتتىم. يادىمغا ئالسام، ئۇ ناتونۇش كوچىنى ئاشۇ چاغدا پەقەت بىرلا رەت كۆرگەنىكەنمەن... ئۇنى سۆيگەن ھېلىقى دالىدا جاينى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم. ئۇ يەر كائىناتنىڭ ھېچ يېرىدە مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. بىراق لەۋلىرىمدىن ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ھارارىتى تېخىچىلا كەتمىگەن بولۇپ، كرېست شەكلىلىك كوچىدا سۆيۈش ئارقىلىق ئادەمگە جان بەخش ئېتەلەيدىغان خىرىستوس كرېستقا مىخلانغاندەك گاڭگىراش ۋە جاسارەت بىلەن ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتىم. خۇدا چەكسىز يىراقلىقتا تۇرۇپ مېنى كۆزىتىۋاتقاندۇر بەلكىم. خۇدا رېئاللىقتىن ھالقىغان ھالەتتە مەۋجۇت بولغاچقا ئۇلۇغ، مەۋھۇم، يەنى چەكسىز يىراقلىقتا بولغاچقا گۈزەل بولسا كېرەك...

خۇدانىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى لەۋلىرىمگە ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلدۇرماقتا...

ئۇنى بار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان يەرنىڭ ھەممىسىنى كېزىپ چىقتىم. ئۇ زادىلا مەۋجۇت ئەمەستەك ھەم مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك قىلاتتى.

دۇنيادا كۆزىتىپ قارىغۇدەك باشقا ھېچقانداق غەلىتە ئادەم قالمىغاندەك، ئەتراپىمدىن ئۆتكەن ھەممە ئادەمنىڭ نېمىسىندۇر بىلىۋالغاندەك ھەم ئۇنىڭ داۋامىنى بىلەلمىگۈچى بولغاندەك قاراشلىرىغا چىداپ سانسىز قېتىم، كېچە بولۇپ ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەچكە ئۇنىڭ ياتىقىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردۇم. بىراق ئۇ ھېلىقى ياتىقىدىن چىقمىدى ياكى باشقا ياقتىن كېلىپ ياتىقىغا كىرىپ كەتمىدى. سەنئەت فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇسسۇل مەشق قىلىدىغان زاللىرىغىمۇ سانسىز قېتىم قاراپ چىقتىم، بىراق ئۇ يوق ئىدى. ھامان ئۇنى ھېلىلا ئۇچراپ قالىدىغاندەك، ھېلىلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قىپقىزىل بويالغان گىلاستەك لەۋلىرىنى ئالدىغا سوزۇپلا يېنىك ھەم ساددا كۈلۈمسىرەپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئۇنى پەيدا بولىدىكەن دەپ ئويلاپ ئالدىمدىكى بوشلۇققا ئىتتىك قاراپ قالاتتىم. بىراق ئۇ داۋاملىق پەقەتلا مېنى ئىتتىك قارىتىپ كەلگەن بوشلۇقتىن باشقا نەرسە بولماي كەلدى...

—«سىز ئۇيغۇرمۇ؟...» دېگەن سۆز پات-پاتلا قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن چۆچۈپلا ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە قاراپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنى ئىزدەيتتىم. باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىكى بەزى تاۋۇشلار ئوخشاپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم-يۇ، يەنىلا ئۇ يېنىمدا تۇرغاندەك، ئۇنىڭ ئىللىق تىنىقى يۈزلىرىمگە ئۇرۇلۇپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. بۇ سەزگۈنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ تۇرۇپمۇ كېچەلمەيتتىم.

ھەممىسى بەربات بولدى.

ئاخىرقى قېتىمدىن كېيىنمۇ مەن يەنە شۇنداق دەپ ئويلىدىم، بىراق مەندە سۆيگۈ دېگەن نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەچكە تۈگەشمىدىم، بەلكىم تۈگەشمىگەنلىكىمنى ھېس قىلغاچقا مەندە سۆيگۈ دېگەن نەرسە قالمىدى دەپ ئويلىغانىدىمەن.

چۆل دولقۇنلىماقتا. مەن ئاشۇ بىپايان دولقۇنلار ئۈستىدە بىر كەپتەرنىڭ قورۇقلۇقلاردىن سۇنىڭ قايتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىمەن... مەن يەنىلا رەھىمسىز، غەلىتە ۋە شەرمەندىلەرچە تۈگەشتىم دېگەن ھېسسىياتقا قايتا چۆمۈشنى بىتاقەت بولغان ھالدا كۈتەتتىم. دۇنياغا پاتماي قېلىۋاتقان شاۋقۇن-سۈرەن، ناخشا-مۇزىكا ۋە باشقا پېتىقلىنىپ كەتكەن ئاۋازلارنىڭ ئۇيۇشقان تورى ئارىسىدىن ئۇنىڭ مەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان، بىراق بەكمۇ تونۇش ئاۋازىنى ئىزدەيتتىم. بۇنداق ئاۋازنى تېپىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

ئىزدەپ قالغاندەك كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. كوچىدىكى ئادەملەر قاتتىق ئىسسىقتا قايناپ، ئېرىدىپ، بىر-بىرىگە ئۇماچتەك ئارىلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. پاكار ئۆيلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇن ۋە ئەگرى-بۈگرى تار يوللاردا مېڭىپ يۈرەتتىم.

مەن ئۇنىڭ بار بولۇشىنى قاتتىق ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇنى

ھېچيەردىن تاپالماي، ئاخىرى ئۇنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا يۈرىكىمنىڭ ئادەمنى سەۋرسىزلەندۈرۈپ، تىنىمسىز بېرىۋاتقان بىشارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، ھاياتىمنى بىردىنلا باشقىچە تۈسكە كىرىپ قالغان ھېلىقى دالىدا يەر ۋە ھېلىقى كېچىنىڭ ئاۋۋىلىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇرۇنۇپ يۈرەتتىم. ئۇ بولسا قەيەردىدۇر بىر ناتونۇش جايلاردا تۇرۇپ، مەيۈس كۈلكىلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، تىرناقلىرى قىپقىزىل بويالغان قوللىرىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئېڭەكلىرىنى يۆلەپ، ماڭا ئۈن-تىنسىز تىكىلىپ تۇراتتى.

ئۇ مېنى قولتۇقلىۋالدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ قىياپىتى بەكمۇ تەبىئىي بولۇپ، ئۇ مەست ئەمەس ئىدى. مەن سۆيگەندە ئۇ مەست قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى تاشلىغان ھالدا قوينۇمدا تۇرۇپ، مېنىڭ سۆيۈشلىرىمنى پۈتۈن بەدىنى بىلەن كۈزەتمەكتە ئىدى. غۇۋا ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ سولغۇن يۈزلىرى قاتتىق ھاياجاندىن تېخىمۇ سولغۇنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئاپتاپ بەدىنىمنى قىزدۇراتتى. ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرى بىلەكلىرىمگە سۈركىلىشكىلىك ئىدى. مەن ئۇنى بىز سۆيۈشكەن دالىدا يەرنىڭ ئالدىدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ئۇيەرگە لەپپىدە قاراپ قويدى.

ئاستا قەدەم تاشلاپ «ئۈمىد تۇمشۇقى قاۋاقخانىسى»نىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم.

بىر تاكسى كەينى-كەينىدىن بىر نەچچە رەت سىگنال بېرىپ قويۇپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ماشىرەك ۋېلىسىپىتنى بىر چەتكە تارتىپ، تاكسىغا يول بېرىپ تۇرغان پوچتىكەش تاكسى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋېلىسىپىتكە قايتا مىندى-دە، يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىزلا بىر پارچە خەت كېلىپ قالسا-ھە! مەن قولۇمدىكى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«قەلبىمدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان، دۇنيادىكى باشقا ئادەملەرگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان دەردمەن يىگىت ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟»

ئۇ يۈزلىرىگە يېيىلىپ چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى نازۇك قوللىرى بىلەن كەينىگە قىلىپ، ماڭا بىردەم سىنچىلاپ قارىدى، ھەتتا ئۇنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك قىيماسلىق — كۈلكىڭىز ساختا بولسىمۇ ئەنە شۇنداق كۈلۈۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالسىڭىز ئاخىرىدا راستتىنلا خالاپ كۈلۈۋاتقان بولسام كېرەك دەپ، كۈلكىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالىسىز. باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز دۇنيادىكى ھەممە كىشى سىز ئۈچۈن سۆيۈملۈك...

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ماڭا بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەجەبا ئۇ ئۆزى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ ماھارەتلەرنى ئۆزى كېرەك قىلمامدىكىنە؟ ئۇنىڭ دەردمەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلارلىق قىياپەتكە كىرگۈزەتتى.

خەتنىڭ بېشىدىكى بىر جۈملە سۆزدىنلا خەتنىڭ ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم. خەتنىڭ ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى بىلدىم-دە، يۈرىكىم قاتتىقدە

قىلىپ، بەدىنىم ئىچىدە سىقىلىپ، پاتماي قالدى. كۆزلىرىمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتىپ كەتكەندەك بولۇپ كۆزلىرىم بىرنەچچە بەتنى بىر سۆزنى ئوقۇغاندەك ئوقۇۋەتمەكچى بولغاندەك خەتلەر بىرھازا كۆرۈش دائىرەم ئىچىدە پاتماي قالدى. مەن خەتتە ئۇنىڭ مېنى قاتتىق تىللاپ يازغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى ۋە ئىسمىمنى ئېيتىپ بەرگەندەك قىلمىغانىدىم. چۈنكى مەن ئۇنى مۇتلەق تونۇمايتتىم. ئۇمۇ مېنى تونۇمايتتى. چۈنكى بىز ئەزەلدىن تونۇشمىغان. «...مەن ئىلاجىسىز سىز بىلەن خوشلاشماي قايتىپ كەلدىم. سىز بىلەن خوشلىشىشنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتكەنىدىم. چۈنكى مەن سىزنىڭ دائىم ياتىقىمنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىڭىزنى، سىزدە ماڭا نىسبەتەن ئەسەبىيلەرچە بىر قىزغىنلىقنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم. سىزدىكى بۇنچە زور قىزغىنلىقتىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالمىسام زادىلا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. چۈنكى سىزدىكى بۇ تەلۋىلەرچە قىزغىنلىقتا ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەت بارلىقىنى ھېس قىلدىم. سىزنىڭ ياتىقىمنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ نېرى كەتمىگەنلىكىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئاستا ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ، خالىي جايلارنى تېپىپ قانغۇچە يىغلىۋېلىپ ئاندىن يېرىم كېچە بولغاندا سىزنىڭ ياتىقىمنىڭ ئالدىدىن كەتكەنلىكىڭىزگە ئىشەنگەن چېغىمدىلا ئاندىن ياتىقىمغا كىرەتتىم. ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى ئەنە شۇنچىلىك يىغلىۋالالمىغانىدىم. ئاشۇ كۈنلەردە تازا قانغۇدەك يىغلىۋالالىدىم. بۇرۇختۇم ھاياتىم ماڭا ئەنە شۇنچىلىك يىغلىۋېلىشىمۇ بەخش ئېتەلمىگەنىدى. ئۇندىن بۇرۇنقى تۈگەشكەن، ھېچنەرسە قالمىغان روھىمدا يىغا نېمە ئىش قىلسۇن؟! يىغلىغۇدەك ھاياجان، ئادەمنى يىغلاتقۇدەك بىرەر ھاياجاننىڭ بولۇشىنى نەقەدەر تەشنا بولۇپ كۈتكەنىدىم - ھە!

سىز ئېيتقاندەك ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن بىچارە، زەئىپ، يېرىم ئىكەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز ۋە يېرىم ئىكەنلىكىڭىزگە ئانچە ئازابلىنىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى سىز ھامان يېرىمىڭىزنى تېپىپ، ئادەملەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادىنىڭ ئەڭ گۆدەك ۋە پاك چاغلىرىدىكىدەك ھېچ ئادەمگە، مېھىر - مۇھەببەتكە مۇھتاجلىق بىلەن تەلمۈرمەيدىغان قەھرىمانە ۋە ساپ ھالىتىڭىزگە قايتالايسىز. سىز ئەنە شۇ چاغدا بەختنى ھېس قىلالايدىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھەر قانداق بىر ئىشقا نىسبەتەن ھەم بەختلىك ھەم بەختسىزلىك ھېس قىلالايدىغان ناچار قۇدرەتنىڭ تىنىمسىز ئازابلىشىدىن قۇتۇلالايسىز. ۋۇجۇدىڭىز بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل كۈيى بىلەن نۇر چاچلايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسىز. مەنچۇ؟ مەن ئۇنداق ئەمەس! مېنىڭ يېرىمىم ئۆلگەن. ئۇ يېرىمىمدا ھېچنەرسە يوق. ئۇ خۇددى مېنىڭ ھاياتىمغا ئوخشاشلا قۇپقۇرۇق. ئۇ ماڭا مەجبۇرىي تېڭىلغان. بۇنى مەن ئۆزۈم تاڭغان. ئۆزۈمنىڭ يېرىمىمنى باشقا يول بىلەن تولۇقلاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىشقا ئايلانغان. ئۇنى قورقۇنچلۇق ئىشقا ئايلاندۇرۇۋال-

غان بىز ئۆزىمىزـ بىز ئىنسانلار. ئۆزىمىزنىڭ جۈيلۈشلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزلىرىمىزنى مەتۇلارغا ئايلاندۇرغان، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مەتۇلىقىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ جۈيلۈشلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ تېخىمۇ جۈيلۈيمىز. مانا بۇ بىز بويسۇنۇپ كەلگەن مەڭگۈلۈك ۋە ئەلىمسا قىلىق قانۇنىيەت.

ئادەملەر ئۆزىدىن ئۆزى قورقىدۇ. مانا بۇ قورقۇنچ ۋەھىمىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىدىن ۋەھشىيانە ھالدا قورقىدۇ. ئۆزىنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئۆزىنى قانچىلىك دەپسەندە قىلالىسا شۇنچىلىك رازى بولۇشىدۇ. ھەممە ئادەم شۇنداق بولغانىكەن؛ مەنمۇ شۇلاردەك بولۇشۇم، ياۋۇزلىشىشىم، ئۆزۈمنى قورقۇتۇشۇم ۋە دەپسەندە قىلىشىم كېرەك ئىكەن. ھېچكىمنىڭ بۇ توردىن چۈشۈپ قېلىشىغا ئىلاجى بولمىسا كېرەك. مەن مانا مۇشۇ يول بىلەنلا ئابرويلۇق بولالايدىكەنمەن. ھەممە ئادەمنىڭ «ئېسىل ئايال» دەپ ماختىشىغا ئېرىشەلەيدىكەنمەن.

دەردمەن يىگىت، بىلەمسىز؟ ھېلىقى كۈنى، ھېلىقى كېچىدىكى دالدا يەردە سىز مېنى راسا سۆيۈۋالدىڭىز. بىراق مېنى ئويلاپ قويمىدىڭىز. مەن سىزنى سۆيەلمىدىم. سىزنىڭ مېنى سۆيگەندىكى تىنىقىڭىز نەقەدەر ئېغىر ـ ھە! سىز تىنىش ـ يەنى ئەركىن نەپەس ئېلىش، خۇدا ياراتقان ھاۋادىن نەپەسلىنىش ھوقۇقىڭىزغا سۆيۈشنى تېگىشىۋاتاتتىڭىز. ھېلىمۇ كۆزۈمنى سەل يۇمۇپ خىيال قىلسام ـ لا سىزنىڭ نەدىدۇر كېسەل ئادەمدەك ئېغىر تىنىۋاتقان ياكى ئەركىن نەپەس ئالالماي قىينىلىۋاتقان شەپىڭىزنى ئاڭلايمەن. سىز ھەقىقەتەن كېسەل ئىدىڭىز. سىز كېسەل، مەن بولسام ئۆلگەنىدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغانىدىم. بىر ئادەمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە دەلىل بولمىسا ئۇ ئۆلۈك ـ دە. بىراق سىز مېنى سۆيۈۋاتقان چېغىڭىزدا مېنىڭ تېنىم ئىچىدىمۇ ئۆلۈك ھەم مەڭگۈم ھەۋەس ھايات ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش شىددەت بىلەن ھەم بىچارىلەرچە تىركىشىش بىلەن ئۆركەشلەپ تۇراتتى...»

ئۇنىڭ يۇمشاق ھەم ئىللىق بەدىنىدە ئوتتەك قىزغىن يېقىملىقلىق يېلىنجاپ تۇراتتى. ئۇنى سۆيگەندە پەيدا بولغان ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياردىمى بولار دېگەندەك ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئاستىدىكى يالىڭاچ تېنى پەيدا قىلغان، دولقۇنلۇق ۋە تاتلىق مۇزىكىدەك شەكىللەر ئۈستىدە تەشنا قوللىرىم سەرسان ئىدى. ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەر بىر تال ھۈجەيرىلەرنى بىر ـ بىرلەپ قالدۇرماي سىلاپ، كۆزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان كۈچلۈك ئاياللىقا ۋە ئاياللاردا بولىدىغان شېرىنلىككە ئىگە ھاياتىنى بىر ـ بىرلەپ تېپىپ چىقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ تېنىنى ئەسەبىيلەرچە سىلايتتىم ... يىراقلاردىن، بەك يىراقلاردىن سولغۇن، تاتارغان ئىشەنچ خۇددى ۋەھىمىگە ئوخشاش بوغۇق ھەم ئىنچىكە سەزگۈلىرى بىلەن مېنى بىر ـ بىرلەپ كۆزىتىپ تۇراتتى.

ئايالنىڭ تىنىقى يۈزلىرىمگە گاھ ئىللىق، گاھ سوغۇق، گاھ شېرىن، گاھ يىرگىنىشلىك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا قادىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

يالغۇزلۇق ۋە جىمجىتلىق ئۇنى قاتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنى قاتقان ھالەتتە تۇرغان شۇنداق پەيتتە ئۇنىڭ قەلبى ئەڭ جانلىنىپ تىنىمسىز دولقۇنلاۋاتقانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە مېنىڭ تىنىقىم ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇ ئىنتايىن كىچىك بىر نەرسىنىڭ تەپتىنىڭ يۈزلىرىگە ئاستا سىلجىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى سېزىۋاتقاندەك يۈزلىرىنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق ئۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىشىگە تەشنا بولسا كېرەك. يۈزلىرىنى ئېلىپ قاچمايتتى. يۈزلىرى ئىختىيارسىز سۈس لىپىلدايتتى.

ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك يىغلىپ، كۈچىيىپ بېرىۋاتقان كۆز نۇرى ۋۇجۇدىدىكى غىدىقلىنىشنىڭ خۇددى ئۆلۈك تەنگە يامراۋاتقان جاندەك تارقىلىپ يۇقىرى پەللىگە چىقىشىنى ۋەھىمە بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى تېخىمۇ قارىداپ، تېخىمۇ چەكسىز چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، ئوتتەك قىزىق، ئېغىر، ئاچچىق تىنىقىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ئاۋازىنىڭ جىنسىي ئەزادەك، گاھ بوغۇلۇپ، گاھ كېڭىيىشىنى جىمجىت كۆزەتمەكتە ئىدى.

«... بىر ئادەمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە دەلىل بولمىسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئۆلۈكتە! سىز، بىر ئۆلۈكتىن كېسىلىڭىزگە شىپا ئىزدىدىڭىز. مەنچۇ، مەن سىزدىن جان سورىدىم...»

ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. قىپقىزىل دېرىزە پەردىسى چىراغ نۇرىدا جانسىز كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوتتەك ئۆي ئىچىگە سوغۇق قىزىل نۇر تارقاتماقتا، ئۇ ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا پاكىزىدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى چۈشەكەۋاتقاندەك تىترەيتتى. ئۇ ئىنتايىن قاتتىق كۆيۈش ۋە ھەيرانلىق بىلەن نېمە بولدىڭىز دەپ سورىدى. ئۇ بۇنداق چەكسىز كۆيۈنۈشنى قوبۇل قىلالمايتتى ئەلۋەتتە. ئۇ بىردىنلا پارتلىدى. كىيىملىرىنى يەشمەستىنلا يىرتىپ، يىرتىپ تاشلىغاندەك ھەش - پەش دېگۈچە ھەممىنى سېلىپ تاشلاپ كارىۋات ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك قىيپايەتكە كىرىپ قالغانىدى. چەك-چەيگىنىچە قىپيالىڭاچ ھالدا، سۆزۈك ۋە ئاپئاق پۇتلىرىنى ئىككى يانغا «ھەي-ي-ي-ي-ي-ي... ئەر!...» دېگەندەك كەڭرى كېرىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆكسى قاغجىراش ئەلەمى بىلەن سۈس تىترەيتتى.

نەلەردىدۇر بەكمۇ تونۇش، بەكمۇ يېقىن بىر جايدا چۆل جان - جەھلى بىلەن زەئىپ دولقۇنلىماقتا. چۆلدىن قاپقارا بىر دولقۇن — قۇيقۇرۇق، كۆيۈك قۇم بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، قۇمنىڭ چىشلار ئارىسىدىكى غىچىرلىشىدەك مەينەت ۋە قۇيقۇرۇق سادا ئۇنى دولقۇنلاتماقتا.

يىلان، جاندەك قۇدرەتلىك بىر يىلان ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنلا ئۆلگەنىدى. ئۇ يوق ئىدى. ئۇ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇ چۆلگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۆلگەن قاسراقلىرى چۆلنىڭ بارخانلىرى ئىدى. بۇ بارخانلارنى ئۆلۈم ۋەھشىيلىككە ۋە ئامالسىزلىققا ئىگە قىلغانىدى. بارخانلار تىنىمسىز تىرمىشىپ، نېمىنىدۇر ئىزدەپ ئورنىدىن كۆچۈپ تۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈلگە ئوخشاش بوراندىن باشقا، مەۋجۇتسىزلىقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. مەۋجۇتسىزلىق ئۇنى تېخىمۇ دولقۇن-

لەتمەۋاتاتتى. مەۋھۇملۇق ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلغانىدى. ئۈمىدسىزلىنىڭ ئۇنى ھەممىدىن كېچەلەيدىغان جاسارەتكە ۋە ۋەھشىيلىككە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ ھەممىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك دولقۇنلاپ يېيىلاتتى. قارىغۇلارچە، مەقسەتسىز، سەۋدا-يىلارچە ئەتراپقا ئۇرۇلاتتى. ئاھ! بۈيۈك مەۋھۇملۇق!...

خۇدا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ رېئاللىقتىن ھالقىغان ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەلكى، ئۇ مەۋھۇم يەنى چەكسىز يىراقلىقتا. ئۇ سۆيۈشكە دۇنيادىكى ھەر-قانداق ئادەملەردىن بەكرەك تەشنا بولغاچقا، تەشنالىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغاچقىلا ئۇنىڭ سۆيۈشلىرى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە.

قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە سېزىلىپ تۇر-ماقتا. نېمىلەردۇر بۇنىڭدىن بېشارەت بەرمەكتە. بىراق قىيامەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرغان ئىشلارنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەك قىيىن. گويا قىيامەت-تىن ھېچقانداق بېشارەت يوقتەك تۇيۇلىدۇ. بىراق قىيامەتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋات-قانلىقىنى ھەممە ئادەم سېزىپ تۇرماقتا. قىيامەت يېقىنلاشقاندا خرىستوس قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىكەن. بەلكىم ئۇ دۇنياغا كېلىپ بولغاندۇ. بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۇ-لۇغلۇقىنى، مۇقەددەسلىكىنى بايقاش ئىقتىدارى قەدىمكى زامانىدىكىدەك مىسلىسىز كۈچلۈك ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ھېچنەرسە سىڭدۈرۈپ كىرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى تىنىپ كەتكەن، تارىيىپ كەتكەن، يوقالغان، ۋەيران بولغان، خرىستوسنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ئاۋاز ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن لىق تولۇپ، پەقەتلا سىرتقا سېسىق بۇس-تەك بۇخسۇتۇپ چىقىرالايدىغان، بىراق كىرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بەلكىم خرىستوس ئارىمىزدا ئۈن-تىنسىز ھالدا مۇقەددەسلىكىنى ئاياغلىرىنىڭ يىرتىق-لىرى ئارىلىرىدىن يوشۇرۇپ ئاللىقانداق يەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغاندۇ. باشقى-لارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلالماي يۈرگىنىنى كۆرۈپ، سەۋر-تاقەت بىلەن كۈتۈپ-كۈتۈپ ھېرىپ قالغاندۇ، بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنۇتۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولغاندۇ. ئۇلۇغلۇقىنى ھېچ كىشىنىڭ ئېتىراپ قىلمىسلىقى سەۋە-بىدىن ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئۆزىمۇ گۇمانلىنىدىغان، ھەتتا ئىشەنمەس بولۇپ قالغاندۇ. كىشىگە جان ئاتا قىلىدىغان سۆيۈشلىرىنىڭ قەدرىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە باشقىلارنى سۆيۈپ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالغاندۇ. بەلكىم ئۆزىنىڭ خرىستوس ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي يۈرگەندۇ.

ھەممە كىشى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇلارنىڭ تىزىلىشىدىن كرېست شەكلىنى ئىزدەۋەرمەيدۇ. ھەممە كىشىنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن كرېستنىڭ شەكلىنى ھېس قىلىشى ناتايىن.

خرىستوس ھېچ كىشى قوبۇل قىلالمايدىغان، بىراق ھەممە كىشى تەلپۈنىدى-غان، مېھىر-مۇھەببەتكە ئوخشاش خىلۋەت ياشىماقتا. مۇھەببەتنى پەقەت مۇھەب-بەتلا قوبۇل قىلالايدۇ. بولۇپمۇ خرىستوسنىڭكىدەك ئىلاھىي سۆيگۈنى پەقەت ئەنە شۇنداق مۇقەددەس، قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولغان ئىلاھىي سۆيگۈ ئىگىسىلا قوبۇل

قىلالايدۇ، بۇنداق ئىلاھىي سۆيگۈگە ئىگە بولغۇچى پەقەتلا خرىستوس. مانا بۇنداق مۇقەددەس سۆيگۈنىڭ يەككە - يىگانە ئىلمىقى مەسىھ بىلەن خۇدانى مەڭگۈلۈك بىر گەۋدە قىلىشۋەتكەن.

يول بويىدا ئاستا كېتىۋاتىمەن. چۆل ھەدەپ ھۇۋلىماقتا. ئاسمان قىزىللىققا چۆمگەن. بۇ قىزىللىق ئاياللاردىن ئاققان خۇنغا ئوخشايدۇ. بەلكىم بىر بوۋاق قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

«سىزنىڭ ئەمدى مېنى ھېلىقىدەك ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىق بىلەن ئىزدىشىڭىزنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

ھېلىقى كۈنى مەن خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك مەست بولۇپ كەتمىگەن ئىدىم. (ئۇنىڭ تېنى شۇ قەدەر يۇمشاق، يېقىملىق ۋە ئىللىق بولۇپ ئۇنىڭ تىرىك ئايال ئىكەنلىكىنى، تېنىدە قانىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى چەكسىز ۋە بۈيۈك ھاياتىي قۇدرەتنى نامايان قىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي مەست بولۇشىنى، ئۆلۈككە ئوخشاش ھېچنەرسىنى سەزمەسلىكىنى قولۇمغا ئۇرۇنۇۋاتقان يۇمشاق تەن ۋە ئىللىقلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدىم. ئۇ ھېلىلا نېمىلەرنىدۇ دەپ تاتلىق شىۋىرلاپ ۋىلىقلاپ كۈلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ لەۋلىرىگە قارىدىم. بۇ لەۋلەرنىڭ مىدىرلىشىنى ۋەھىمە، جىنايى تۇيغۇ ۋە ئۈمىد بىلەن كۈتتۈم. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. سۆيۈش تۇيغۇل سۆزلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ يەنە بىر ھېساپتا بۇنداق بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق ۋە تولغان كۆكسىدىن قولۇمغا ۋە قولۇمدىن ئۇنىڭ كۆكسىگە چەكسىز شېرىن بىر سەزگۇ سىڭىشمەكتە. بۇ ئارقىلىق مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددۇكى سىنىش، ئۆزىنى ۋەيران قىلىش، ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئۆزىدىن نومۇس قىلىش تۇيغۇلىرىدىن تەن ئىچىگە كىرىۋېلىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان جانىنى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى تەپچىپ تۇرغان جان تەرەپكە چاقىرماقتا، بىراق ئۇنىڭ جېنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چىقماس بولۇپ يوشۇرۇنۇۋالغان) بىراق ئەنە شۇنداق ئۆلگۈدەك مەست ۋە بىھوش قىياپەتكە كىرىۋالدىم. مەن قاۋاقخانىدىن چىققاندىن كېيىن سىزنىڭ كەينىمدىن چىقىشىڭىزغا ئىشەنگەنىدىم. شۇڭا قاتتىق مەست بولۇپ ماڭالماي قالغان بولۇۋېلىپ، سىزنىڭ مېنى يۆلەپ مېڭىشىڭىزنى كۈتتۈم...»

ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن قولۇمنى كىرگۈزدۈم. ئۇ ھاياتلىق ئىشىكىنىڭ ھايا-جىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق ئىشىك بىلەن قولۇم تېگىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ھاياتلىقنىڭ، تىرىلىشنىڭ ئىشىكى شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن يېقىن ھالدا خۇددى ۋۇجۇدۇمنىڭ (مېنىڭ) ئەزەلدىن بار بولغان بىر قىسمىدەك تۇيۇلسىمۇ بىراق ھاياتلىق مەيدانى بەكمۇ يىراقتا ئىدى. ئىشىكنىڭ ئىچىلا چەكسىز قاراڭغۇلۇق، چەكسىز مەستلىك ۋە چەكسىز يىراقلىق بىلەن تولغانىدى. چەكسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا چۆل ھۇۋلىماقتا ئىدى. چۆلنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىمۇ زۇلمەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق، ئېغىر ۋە تاۋلىق ئىدى.

«ھازىر دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى ئېتىقاد، ئۈمىد ۋە مۇھەببەت، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۈيۈكى مۇھەببەت»① دېگەنىدى خرىستوس. قەدىمكى زامانغا تەۋە بولغان بۇ جۈملىلەرنى ھازىر ھەممە كىشى چۈشەنگەندەك ھېس قىلىشىدۇ-يۇ، ئەيسانىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى يەنىلا ئاڭقىرالمايدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ بارماقتا. ئۇلارنىڭ مەنىسى تىرىلىشكە ئەمەس ئۆلۈمگە ئاياغ باسماقتا.

ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى ۋە ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتىمەن. ھېلىقى دالىدا جاي ھەققەتەن مەۋجۇت ئەمەستەك ھېچبىر تەرەپتە كۆرۈنمەيتتى. بۇ تار يولنىڭ چوڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان يېرىدە بىر پوچتىخانا بار ئىدى.

ئادرېس.

خەت.

كونۋېرت.

ئادرېس.

... ... ...

خەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئادرېسى بار ئىدى... ئادرېس يوق... ئىسمىمۇ يوق، رېئاللىقتا مەۋجۇت بولۇشى مەۋھۇملۇقتا تەڭ بىر ئېزىتقۇ، بىر قۇپقۇرۇقلۇق، بىر ئەرۋاھ دۇنيانىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە تۇرۇپ گۈزەل سىماسى بىلەن مېنى مازاق قىلماقتا... ئادرېسى يوق دەپ ئۆزۈمنى ئازابلىشىمنىڭ نېمە پايدىسى. بىراق ئۇنىڭ ئادرېسى بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەڭگۈ بولمايدۇ. ئۇ يىراق بىر يەرلەردە جىنايەتكارلارچە ياشاۋاتىدۇ.

ھاراقنىڭ كۈچى تېنىم ئىچىدە ئۆركەشلىمەكتە. قاۋاقخانا ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، غاژىلدىغاندەك خۇنۇك ۋە سەت بىر ئاۋازغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئاۋازغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ ئۆز ئارا كىرىشىپ كەتمەكتە، ئارىلاشماقتا، بىر-بىرىگە ئۇيۇپ كېتىدىغاندەك غۇۋالاشماقتا.

ئۇ زالدا بالىت ئۇسسۇلىنى رەپتىس قىلماقتا. يالتىراپ تۇرغان ئاپئاق كىيىم ئۇنىڭ ھېچيېرىنى توسۇپ قالالمىغاندەك، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بارلىق گۈزەللىك قىپيالىڭاچ ھالدا سەھنىدە لەرزان مۇزىكا رىتىمى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. ئۇ بەئەينى بىر چىرايلىق ئاققۇغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، سەھنىدە چوڭقۇر خىيال بىلەن لەرزان ئەگىپ يۈرىدۇ. يەنە بىر ئەر كىشى بولسا ئۇنىڭغا قاراپ گويا ئۇنى بالا-قازادىن قۇتقۇلدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك قۇچىقىنى ئېچىپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر رەسىم ياكى ھەيكەل. ئۇ لەرزان پىرقىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئەر كىشىنىڭ يوتىسىغا بىر پۇتى بىلەن دەسسەپ چىقىپ يەنە بىر پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرماقچى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ

①«روكا ئىنجىلى» 23 - بابقا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇڭلۇق ۋە خىيالچان ئىدى. مۇزىكا توختاپ قالىدى (قاۋاقخانىنىڭ ئىچى تاماكا ئىسى بىلەن لىق تولغانىدى. ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرغان مۇزىكا ئاۋازى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ بەكمۇ تەستە ئىدراك قىلغىلى بولاتتى. ئۇنى باشقا ئاۋازلا ئەمەس، كىشى ھەتتا ئىس بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قالاتتى. بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگىنى مۇزىكا، ئۈزلۈكسىز ۋاڭىلداپ تۇرغىنى تاماكا ئىسىدەك ياكى بارلىق ئاۋازلار قويۇق تاماكا ئىسىغا ئايلىنىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى. تاماكا ئىسى ۋە ئاۋازلار ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى تۇتۇقلاشتۇرۇپ بارماقتا ئىدى.) ياكى مۇزىكىنىڭ رېتىمىدىمۇ بىرەر بۇزۇلۇش كۆرۈلمىدى، بىراق ئۇ پىرقىراپ كېلىپ ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ بىر پۇتى بىلەن تىزلانغان ھالدا يەنە بىر پۇتىنىڭ گورىزونتال ھالەتتە مەزمۇت تۇتۇپ تۇرغان تىزىغا توغرا دەسسىيەلمەي قالدى-دە، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. رېژىسسور كېلىپ ئۇنى غەزەپ بىلەن تىللىدى، مەن ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ قالغىنىنى بايقىدىم.

مەن چوڭ كوچىغا چىقماي ئارقامغا يېنىپ ھېلىقى تار كوچىلارنى يەنە كېزىشكە باشلىدىم.

ئاستا قەدەم بېسىپ كېتىۋېتىپ بىر كىملەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا بىر-بىرىنى ۋارقىراپ تىللىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئۆرۈلۈپ قارىدىم. كىشىلەر بىردەمدىلا ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار ئادەملەردىكى پارتلاپ كەتكەن بۇ قىزغىنلىقنى خۇددى مەۋجۇت بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەرگەندەك ياكى ئاجايىپلا غەيرىي كېسەللىك ھالىتىدىكى بىر ئىشنى كۆرۈۋاتقاندەك، باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىك ھالىتىدىن، پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن لەززەت ئېلىپ ئۇلارنىڭ مۇشتلىشىشىنى تاماشا قىلماقتا ...

شۇ تاپ مەن ئۈچۈن ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ۋاقىت يۇندىغا ئوخشاش بىر ئازگالغا يىقىلىپ قالغانىدى.

ھاراق مېڭەمدە ئۆركەشلىمەكتە، خىياللىرىم قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ سانسىزلىغان شېغىل تاشلاردەك ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە ئاستا چۆكۈپ، ئىزسىز يوقىلىپ بارماقتا ... بارغانسېرى ئۇششاقلىنىپ، تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالدا مېڭەمدىن يالت-يالت قىلىپ ئۆتمەكتە. ھاراقنىڭ ئۇچىيىمنى ئاچچىق كۆيدۈرۈپ ماڭغان ھەرىكىتى سېزىلىپ يوقاپ كەتتى. بۇ خىل تۇيغۇ پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىدە تېپچەكلەپ تۇرغان ھاراقنىڭ دولقۇنى ئىچىگە غەرق بولۇپ بېسىلىپ قالغاندۇر بەلكىم.

مېڭەمدە ھاراقنىڭ بوغۇزۇقۇپ شىڭىلداۋاتقان ئاۋازى ئۈزۈلمەي ياڭرىماقتا.

ئالدىمدىكى ھاراق ۋە قورۇمىلار قويۇلغان شىرە ئېغىرلىشىپ بارغان بېشىمنى ئۆزىگە تارتماقتا، شىرەنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا ھەدەپ كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ شىرە ۋە ئۆي، ئەتراپتىكى شىرەلەرنى چۆرىدەپ قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىمۇ ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك يانتۇلاشماقتا، ئۇدۇلدىكى تامدىكى مەنزىرە رەسىملىرى كۆز ئالدىمدا ئۈچۈپ

يوقىلىپ، يەنە ئورنىدا پەيدا بولۇپ، يەنە كۆككە چاچراپ چىقىپ كېتىپ يەنە ئۆز ئورنىدا كۆرۈنۈپ كۆزلىرىمنى ئالىچەكمەن قىلاتتى. بېشىم بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇششاق - چۈشەك خىياللار بېشىمنى ھالسىرىتىۋەتكەنىدى. بېشىمنى بىر نەچچە رەت كۆچەپ يۇقىرى كۆتۈردۈم، بېشىملا بەك ئېغىر ئىدى، باشقا يەرلىرىم بولسا مەندىن ئايرىلىپ كەتكەندەك ياكى يوقتەك ياكى بىر تال سىزىقتا يالىڭ لىپىلداپ تۇرغان بىر نەچچە تال نېرۋىغا ئايلىنىپ قەيەرلەردىدۇر لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم. مېڭەمدىنلا قۇتۇلماق تەس ئىدى، ئۇ باشقا ئەزالارغا ئوخشاش يىراقلىشىپ مەۋھۇملىشىپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭدىكى خىياللار بەكمۇ زور ۋە ئېغىر ئىدى.

ئالدىمدىكى قىزىرىپ قالغان سىگارىت قېپىنى يىرتىپ بىر پارچە قەغەز شەكلىگە كىرگۈزدۈم-دە، ئاندىن قەلەمنى ئالدىم ...

بېشىم ئاخىرى شىرە ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىردەم ئارام ئالغاندەك بولدۇم، بېشىمنى شىرە ئۈستىگە قويۇۋالغاندىلا ئۆزۈمنىڭ ھېرىقىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنى، قامىشىپ ئۈيۈپ قالىدىغاندەك تۇرغان كاللامنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ھېلىلا كۈچىگىنىمنى ھېس قىلدىم. مېڭەمدىكى زىڭىلداپ تۇرغان ئوتتەك قىزىق ھەم بوغۇق سادانى تىڭشاپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدىكى قەغەزگە قارىدىم.

«يېشىڭغا ماس كەلمەيدىغان دەردكە ئىگە يىگىت، سىزگە سالام. ئىزدەپ كەلسەم يوق ئىكەنسىز، بۇ خەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتىم ...»

بۇ خەتنى نىمىشقا يېزىپ قويدۇم، بىلمەيتتىم.

ئۇنىڭ ئادرېسى.

ناتونۇش بىر شەھەر كوچىلىرىدا كېزىپ يۈرەتتىم. مىژىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا قاينام - تاشقىنلىق مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇلار قايناپ، ئېرىپ، بىر-بىرىگە قانىمىيەتسىزلا سىڭىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارغا قاراپ كاللىرىمنىڭ قۇرۇپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى سېزەتتىم.

بۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش باشقا بىر شەھەر ئىدى، مەن بۇ يەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىغانىدىم. مەن بۇ جايدىمۇ يەنىلا ھېلىقى دالدا يەرنى ۋە ئۇ يەردىكى غۇۋالىقنى، سىرلىق تەسىراتنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدىم. بىراق بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق سۆيۈش ئىدى. بىر ئادەمنىڭ سۆيۈشىنى ئۆزى يالغۇز ئېلىپ بېرىشىدىنمۇ بىچارىلىك بارمۇ-ھە!

يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. يۈرىكىم شىددەتلىك سىلىكىپ تېنىم ئىچىگە سىغماي قالدى، ئاۋاز چىققان تەرەپكە چۆچۈپ قارىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ بىر قېتىملا ئاڭلىغان بولساممۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئاۋازدىن بەكرەك تونۇش ئىدى، ھاياتتا بەلكىم پەقەت مۇشۇ ئاۋازلا مەن ئۈچۈن بىردىنبىر تونۇش ئاۋازدۇر.

ئۇ مەندىن ئىككى - ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە گۈزەللىكى بىلەن

مەۋجۇت ھالەتتە تۇراتتى. بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن قۇرۇپ كەتكەن ئېغىزلىرىم ھەرىكەتلىنەلمەي، ئۇنى چاقىرغاندا ئاۋازىم چىقمايلا قالدى، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم، باردىم-دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ قاراشلىرى بەكمۇ ناتونۇش ئىدى. دەسلەپ قاراشلىرىدىلا ناتونۇشتەك بىلىندى. بىراق ئۇنىڭ كۆزى بىلەن كۆزۈم ئۇچراشقىنى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ھەممە يېرى ناتونۇش بىلىنىپ كەتتى. ھېلىلا ئۇنىڭ زادى قەيەرلىرىنى تونۇش ھېس قىلغىنىمنى بىلەلمەي قالدىم. ھېلىلا ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن باشقا تونۇش ئەمەس ھېچيېرى يوق ئىدى، ئەجەبا ئۇ بىردىنلا ... بىراق نېمىلا بولمىسۇن ئۇ شۇ ئىدى. ئۇ بەدىنىمنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىكى سەزگۈلەرگىچە تونۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى مۇز پارچىسىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ قىپقىزىل بويالغان سۈزۈك لەۋلىرى مۇز ئۈستىدىكى قىزىل گۈلدەك جۇلالاپ تۇراتتى.

— سالامەتمۇ سىز؟ ئاخىرى سىزنى تېپىۋالدىم، — دېدىم تىترىگەن ئاۋازدا بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— يىگىت، خاتا تونۇپ قېلىۋاتامسىز نېمە؟

— ياق سىزنى تونۇيالمىسام كورمەن.

ئەيسا ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا مېھرى-مۇھەببىتىنى ياغدۇرغان، ھەممە بەندىنى سۆيگەن. بىراق ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە سۆيگۈسىنىڭ قەدرىگە يېتىشى كېرەك بولغان بەندىلەر ئۇنى كرېستقا مىخلاپ ئازابلىغاچقا ئۇ ئىلاھ بولغان. «قەلبىدە سۆيگۈ بولمىغان كىشىلەر ئىلاھنى تونۇيالمايدۇ. چۈنكى ئىلاھ دېمەك سۆيگۈ دېمەكتۇر.» ① چۆل ھۇۋلىماقتا. بۇ يەردە ئىلاھ يوقالغان. ئىلاھسىزلىق چۆلنى ھۇۋلاتماقتا. خرىستوس باشقىلارنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇپ، ئىلاھىي نەپسىنى ئۇلارنىڭ كېرەكسىز، ئۆلۈك تېنى ئىچىگە كىرگۈزگەن. بۇ يەردە سۆيگۈچى پەقەت خرىستوسلا بولۇپ، باشقىلار ئۇنى سۆيمىگەن. چۈنكى خرىستوس سۆيۈپ قويغاندا ئۇلار مۇردا ئىدى-دە!

— سىزنى تونۇيالماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟ — دېدىم مەن.

— كەچۈرۈڭ مەن سىزنى زادىلا تونۇمايمەن! — ئۇنىڭ ئاۋازى كەسكىن ھەم تەبىئىي ئىدى، خۇددى راست سۆزلەۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇ مېنى تونۇمايتتى. چۈنكى سۆيۈش ماڭىلا تەۋە ئىدى. سۆيۈش پەيدا قىلغان لەززەت پەقەت مېنىڭ تېنىمدىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى ئۆزىنى سۆيۈۋاتقان كىشىنىڭ جىددىيلىشىپ بېرىۋاتقان تىنىقىنى ئاڭلىمايتتى. كۆزلىرى خىلۋەت ھاياجىنىنى كۆرمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆلۈك ئىدى.

— مېنى ئۇنتۇلۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— بىر جايدا كۆرگەن بولسام ئاندىن ئۇنتۇپ قالغان بولىمەن؟ كۆرمىگەن

① «يۇھاننامە» 4- باب 8- ئايەت.

ئادەمنى ئۇنتۇلۇپ قېلىش دېگەن ئىشمۇ مەۋجۇت بولامدۇ؟ سىزنى ئۆمرۈمدە ھازىرلا كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شۇڭا ئۇنتۇلۇپ قېلىشىمغا ئەمەسلا شەرت ھازىرلانىدى، شۇنداقمۇ؟

ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن (مەن بۇ چاچلارنى ھەقىقەتەنمۇ سىلىغانىدىم. بىراق ئۇنىڭ چاچلىرى مەن سىلاپ باققانىدەك ئەمەس ئىدى. چۈنكى مېنىڭ سىلاشلىرىم، چىدىيالمىشلىرىم، ھاياجانلىرىم پەقەت بارماقلىرىم ئۇچىدىلا يوقالغان، چەتكە قېقىلغان ۋە دەپسەندە قىلىنغانىدى) چاچلىرىنىڭ ئوينىشىغا قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

قاۋاقخانا ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار مەندىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. مەن بېشىمنى قويۇۋالغان شىرەنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئاسمانغا بولۇپ قالغىنىنى، يەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئۇ يەنە شۇ تونۇش، يېقىملىق ۋە چاقناپ تۇرغان كۈلكىسى بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— چۈشىڭىزدىكى ئادەمنى رېئاللىقتىن ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ، بۇ ئەخمەقلىق، دەردمەن، كېسەل يىگىت، — دېدى.

... ...

چۈش مۇھىتىدا ئايان بولغان نەرسىنىڭ ئۆلۈك بولۇشى ناتايىن، ئەگەر ئۇ ئۆلۈك بولغان بولسا چوقۇم ئۇنىڭ جەسىتى بار بولغان بولاتتى.

... ...

ھاراقنىڭ كۈچى بەدىنىم ئىچىدە چۆلنىڭ قارا بورىنىدەك شىددەت بىلەن ھۆركىرىمەكتە. بارلىق سەزگۈلىرىم بوران ئىچىدە جانسىز يۇلاڭلاپ قالغان ۋە مەندىن يىراقلاپ كەتكەن.

چۆل بىر جەسەت، جانغا ئېچىرقاپ كەتكەن جەسەت. ئۇنىڭدا جان يوق بولۇپلا قالماستىن ئۇ يەنە بوشلۇقتىن، مەۋھۇملۇقتىن جان سورىماقتا.

كۆيدۈرگۈچ ئۆلۈمنىڭ تەپتىدە دولقۇنلاۋاتقان چۆلنىڭ قۇم دولقۇنىغا تامامەن غەرق بولغانىدىم. مېڭەمدىكى زىڭىلدىغان ئاۋاز چۆلنىڭ قانىرىغانىدەك ھۆركىرىشى بىلەن ئارىلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ياۋۇز قۇم دولقۇنى ئۈستىدە گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ پايانسىز مەۋھۇملۇق قويىنىغا قاراپ كېتىۋاتماقتىمەن.

ئۈرۈمچىنى سۆيگەن، ئۇ قاناتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر

# مەرد چوكانغا ھەشقاللا

— مەردپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچى رابىيەم قادىرغا بېغىشلايمەن

## روزى سايىت

بىر ئاخشاملىق ئۆتەڭ بۇ جاھان،
ئۆمۈر دېگەن ئۆتەر شۇنچە تېز.
تىرىشىمىز تىكلەپ روزىغار،
ئىككى يوقلۇق① ئارىسىدا بىز.

شۇ قونالغۇ ئۆتەڭگە ھەركىم،
خەجلەر ئۆمۈر — باشقىنى ئەمەس.
تا پاۋىتى خەرجىگە يەتمەي،
بولار ئەجەل شەربىتىدە مەست.

شۇ قىسقا دەم قەدرىنى بىلگەن،
كەتمە يىدىكەن، ئىشانىسىز قۇرۇق.
«تۆھپە» ئاتلىق خامان چەشلىدى،
قىلىپ ئەجىر-تەرىنى ئۇرۇق.

مەن شۇلارنىڭ بىرسىنى كۆردۈم،
ئۈرۈمچىدە «بۇلاق بېشى»دا.
ئىسمى ئىكەن رابىيەم قادىر،
«مىليونىر»لىق تاجى بېشىدا.

ئۇچىسىدا زەپەرنىڭ تونى،
ماڭلىيىدا شەرەپ جىلاسى.
كۆزلىرىدە ئۈمىد ھەم ئىشەنچ،
كۈلكىسىدە بەخت ناۋاسى.

گەپ-سۆزىدە مەردلىك ۋە غۇرۇر،
قەدىمىدە مەزمۇتلۇق شۇنچە.
ھارغىنلىق يات ۋۇجۇدى بەستىگە،
دىل بېغىدا توزىماس غۇنچە...

خىزمىتىدە ياق، ھۇرمىتىدە،
ئىككى يۈزدىن ئارتۇق پەرىشتە②.
نە پەرىشتە، ھەممە پەس يارى،
رىسىق-بەختى بىللە پەرۋىشتە.

ئېيتتى ئۇلار: ئۆتتى بىر مۆچەل③،
نە مۆچەللىكى، مۇددىتى ئەسىر.
ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن،
بىنا قىلدۇق ئاجايىپ قەسىر.

بىر قەسىركى شاھانە، كۆركەم،
ھەر قەۋەتتە دۇكانلىرىمىز.
«رابىيەمنىڭ بازىرى شۇمۇ؟»
دەپ كېلەر قىز، چوكانلىرىمىز.

تۈنۈگۈنكى يايمىكەش ئەمدى،
جەمئىيەتنىڭ ئېھتىرامىدا.
بازار بىزنىڭ،
رابىيەم بىزنىڭ،
ئۇ بىزنىڭ!
بىز — ئۇنىڭ نامىدا...

«ئىشنى يېڭى باشلىدۇق تېخى،
نى-نى پىلان، ئارزۇ يۈرەكتە...»
شۇنداق دەيدۇ رابىيەم بىزگە،
«بىزچۇ، چوقۇم ئاڭا يۆلەكتە.»

① ئىنسان تۇغۇلۇشىنىڭ ۋە ئۆلۈشىنىڭ باش-ئاخىرى بولغان «يوقلۇق» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② رابىيەم قادىر سودا بىناسىغا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.
③ بىر مۆچەل 12 يىل بولۇپ، بۇ يەردە ئىسلاھاتتىن كېيىنكى مەزگىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# ئىككى ئايال

(ھېكايە)

## ياسىن مۇخپۇل

— بارمۇ سىز خېنىم، قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ؟

— ۋىيەي ... دېگەن گېپىڭىزنى قاراڭ. تېخى ئۈلۈشكۈنلا كۆرۈشمىدۇقمۇ؟ ... ياخشى تۇرغانسىز؟

— يامان ئەمەس، ھەر ھالدا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋاتىمىز ... ئۆزىڭىزچۇ؟

— خۇداغا شۈكرى. يامان ئەمەس ... ئۈلۈشكۈنى كۆرۈشكىنىمىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز-ھە.

— ئۇ ئىككى كۈن بۇرۇنقى گەپ، خېنىم. تۈنۈگۈنكىياقى كېلىپ قالارمىكىن دەپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى. يولىڭىزغا ئەجەبمۇ قاراتتىڭىز. ۋىيەي، قۇلىقىڭىزدىكى ھالقىنىڭ جىلاسى نېمىدېگەن نۇرلۇق. سوۋېتنىڭما؟

— ياقەي، قەشقەردە سوقتۇرغان ... سوۋېتنىڭ ھالقىلىرىنىڭ كۆزى جۇلالىق كېلەمدا؟

— كۆزى ئاق تۇرسا تېخى بېرلىيانت كۆزمىكىن دەپ قاپتىمەن.

— ۋايىيەي، بىزدە بېرلىيانت نېمە قىلسۇن. بىلمەمسىزغۇ، شۇ چاغدىلا سىزگە كۆرسەتمىدىممۇ؟

— شۇ چاغدىكى ھالقىڭىز مۇشۇما؟

— شۇ بولماي چۇ. ئېسىڭىزدە يوقمۇ، مۇشۇ ھالقىنى سوقتۇرغىچىمۇ مەتتۇرسۇن بىلەن ئارىمىزدا خېلى گەپلەر بولمىغانمىدى؟

— ئاشۇ مەتتۇرسۇنمۇ شۇ چاغدا ئەجەب گىجىگلىق قىلىپ كەتكەن-ھە.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن خېنىم، بىر ئىشچى قانچىلىك مائاش ئالىدۇ دەيسىز. ئۆيىدىكى ئالتە جان بىر ئادەمنىڭلا مائاشىغا قاراشلىق تۇرسا. مەن ئىشلىگىلى ئەمدى بىر يىل بولدى. ۋاقىتلىق ئىشچىنىڭ مائاشى قانچىلىك دەيسىز؟

— راست دەيسىز. مۇشۇ تاپتا قاتىرىسىغا ئۈچ چاي دەڭا. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراققا كەلگەن باغاقلارنىڭ كۆپلىكىدىن قايسىسىغا بېرىپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالىدۇ ئادەم.

— توۋا، ھەممىلا ئادەم قاقشايدۇ. ئەمما ھېچكىم تەدبىر قوللانمايدۇ، خۇددى ھەممىسى بىر يەرگە كېلىپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا.

— مۇشۇ كۈندە ئەسنەتنىڭمۇ

چۈشۈپلا كەتتى. ئانچە ئىچ

ئادەم، ھەدېسىلا ئىچىدىغا

— مەتتۇرسۇنمۇ شۇ.

مەسلىھەتلىشىۋالدىم

ئىچىدىغاندۇ ...

— قىزدىكەن

ھە ئامىن

«قاردىغا

دېگەن

چاپلىشىپلا قالىدىغۇ - تاڭ.

— شۇنى دېمەمسىز، بىز نېمە غەمدە، ئۇلار نېمە غەمدە، مۇشۇ كۈندە مەن بىر جېنىمنى نەچچىگە بۆلۈشنىڭ ئامالى بولسىتى دەيمەن.

— راست، ئاسىيە، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلارنى دېمىگەندىمۇ ئۈچ چايغا قانداقمۇ يېتىشىپ بولالىدىغانسىز؟... قانچىدىن ئوينىدىڭلار؟

— دەسلەپكىسىنى 30 كويدىن ئوينىغان، ئەسئەتنىڭ دوستلىرىنىڭ خوتۇنلىرى تولىسى مۇئەللىم. ئىككىنچىسىنى 50 كويدىن ئوينىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئىدارىنىڭ چوكانلىرى، كېيىنكىسى بىراقلا 100 كويغا چىقتى قاراڭ.

— 100 كوي؟...

— ھەئە، 100 كوي. ئوينىماي دېسەم تېخى، كونا مەھەللىمىزدىكى دوستلىرىمىتى دەگا. تولىسى سودىگەرنىڭ

— چايىڭىزمۇ بېشىنى تۇتتۇم دەگا.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئەقلىڭىز يەتمىدى - ھە؟... قۇيرۇقىدا قالسىڭىز ھەر ئايدا 100 كويدىن ئالدىنئالا چىقىم قىلىدىغان گەپ.

— ھە، مۇنداق دەڭە. توۋا... گالۋاڭلىقىمنى - ھە مېنىڭ.

— «ئەمىسە ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە» دېسەم «ئەجەب ئەقىللىق - ھە سىز، بىسمىللا دەپ بولغۇچە ئۆچرەتنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالدىڭىزغۇ» دەيدۇ ھېلىقى پاتەك دېگەن ئىنجىمارۇق.

— كىمنى دەيسىز، قايسى پاتەم؟

— ۋاييەي،... ھېلىقى شياڭگاڭ بازىرىدا دۇكان ئاچىدىغان پاتەكچۇ. كىم بىلمەيتتى ئۇنى، كىچىككىنە شاخار تېرىپ چوڭ بولغان بىر نېمە ئۇ. بىر چاغلاردا تېكىلىپمۇ قارىيالمايتتى بىزگە. ئەمدى بىر سودىگەرگە تېگىۋېلىپ، ھەدېسىلا قاش - كۆزىنى سۈزۈپ، دىمىقىنى تاقىدىغان بولۇۋاپتۇ قاراڭ.

— سىلەرنىڭ كونا مەھەللىدىكى قا-ش پاتىگۈلنى دەمسىز يا؟

ئەمدى پاتىگۈل بولۇۋاپتۇ - تېخى!... دېسەمچۇ، بۇ سودىگەر ئۈچىنچى ئۇنىڭ. ئەردىن ئەرگە چىقىپلا يۈ- ئۇنداق «يوتقان يىغدى» لار تى بىزنىڭ.

اق قىلىپ ئۆيگە ئاۋال باش-

سا ئۈچ چايغا قانداق يې- بولاتتىم. ھەر - بىرىسى ئايدا ىرايدىغان تۇرسا، توي - تۆكۈن، ىراقتىن باشقا ھەر ئايدا 180 اراقلىتىپ سانىسىڭىز سىزگە چاي.

— مەنىڭ مۇشۇ تاپتا سىزگە ھەيرانلا قېلىۋاتىمەن.

— ئۇنى ئاز دەپ تېخى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەر ئاغرىسا يوقلايسىز، تۇغۇت يوقلايسىز. گاھىلار تۇغۇلغان كۈنىگە چاقىرىپ قالىدۇ... نەزىر-چىراق بولسا تاۋاق قىلىپ بارىسىز. ئۆيىدىكى ئۆت جاننىڭ قورسىقى، قىشلىق-يازلىق كىيىم-كېچەكسى بار. بالىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، كىتاب-دەپتەر پۇلىچۇ تېخى...

— بۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ راست.

— مۇشۇ كۈندە بىزدىن باشقا ھەممىلا ئادەم يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋاتىدىكەن، ھە دېسىلا ئۆي چېپىپ، يەنە ئىككى قولىڭىزنى بۇرنىڭىزغا تىقىپ بارالمايسىز. قولتۇقىڭىزغا بىر نېمە قىسماي يېڭى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغىلى بولامدۇ؟

— جېنىم ئاسىيە، بۇ گەپلەرنى بىر دېمەك. مۇشۇ كۈندە توي-تۆكۈن دېگەنمۇ شۇنداق جىقلاپ كەتتى. گاھىدا بەزى باغاقلارنىڭ كىمدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي نەچچە كۈنگىچە ئويلىنىپ كېتىدىغان گەپ. ئىسمىنى شۇنچىكى ئاڭلاپ قالغان بولسىمۇ باغاق يېزىۋېرىدىغاندۇ، دەپ قالىمەن.

— ھازىرچۇ، بەزىلەر دوستۇمنىڭ دوستىنىڭ دوستى دەپمۇ باغاق يازىدىكەن.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى.

—راست گەپ... بەزى تويلارغا بارسىڭىزچۇ مېھمانىنى كۆپ چاقىرىپ قويۇپ يازالىغا پاتمىغان، يا جوزا-بەندىگى يېتىشمىگەن... قارىسىڭىز تاتلىق-تۈرۈملىرىمۇ شالاڭلا، خۇددى مۇشۇككە پەيشەنبىلىك بەرگەندەك... يا ئېشى، يا چېيى مۇزلاپ قالغان، سېپىنىڭ كەينى چىققۇچە ئالدى يوق...

— نېمىشقا ئۆزىمىزنى چاغلىمايلا يېدىغاندىمىز. مېھماننى ئازراق چاقىرساقمۇ ھېچكىم بىزنى سوتلىمايدىغۇ...

— مۇشۇ كۈندىكى توي-تۆكۈننىڭ سازچىلىرىنى دېمەيسىز تېخى، ھېلىقى ساندۇقلىرىنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا ئېچىۋېتىدىكەن. يېقىنراق ئولتۇرۇپ قالسىڭىزغۇ تۈگەشكىنىڭىز شۇ. يېنىڭىزدىكى ئادەمگە گەپ قىلماقچى بولسىڭىز گاس ئادەمگە گەپ قىلغاندەك كارنىيىڭىز يىرتىلغۇچە ۋارقىرايدىغان گەپ.

— تويغا بارسام مېنىڭمۇ بېشىم ئاغرىيدۇ. نەچچە كۈنگىچە قۇلىقىمغا دۇمباق چېلىۋاتقاندەكلا ئاڭلىنىدۇ.

— ئوخشاشكەنمىز خېنىم، ھېلىقى قاتار تىزىۋالىدىغان دۇمباقلارغا شۇنداق ئۆچ بولدۇمكى، ھەي... بولسا بىرتال زدق بىلەن ھەممىسىنى تېشىۋەتسەم دەيمەن. شۇنچە ئۇرسىمۇ تېشىلمەيدىغان نېمىنىڭ تېرىسىدۇ ئۇ؟

— بىلەمسىزغۇ ئاسىيە، بىر چاغلاردا ئۆيلەردە ساز قىلىشىدىغان-ھە. شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق يېقىملىقتى. مۇشۇ كۈندىكى توي-تۆكۈننىڭ سازلىرى قانداق ساز ئۇ؟

— شۇنى دەڭا، يۈرەككە تەگمىگەن ساز-ساز بولامدۇ؟ يېقىملىقمىش، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق يېقىملىقلىرى... سىلىقراق چالسىمىغۇ كاشكى...

— «بوشراق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا خۇيلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىشلىرىچۇ تېخى، ھېلىقى ساندۇقلىرىنى ئاۋاز چىقماس قىلىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ.

— شۇ... ھالىنىڭ يوغانلىقىنى دېمەيسىز تېخى.

www.uyghurkitap.com



— ھە، راست! ئەخمەتجان بىلەن گۈلباھارنىڭ ئوغلىنىڭ خەتنىسى تويىدا شۇنداق قىلدىڭىزغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟

— تويىنىڭ جىقلىقىدا ئادەم ئۇنتۇپمۇ قالىدىكەن.

— ھېلىقى چېچىنى قويۇۋېتىپ مۈرىسىگە چۈشۈرۈۋالغان سېمىز دومباقچى بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالىدىڭىزمۇ، بىر ئەسلەپ بېقىڭە.

— ھە، ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلگەندەك قىلىۋاتىدۇ... ئۇ كۈنى ھېلىقى دومباقچى دېگەن بىر نېمە بىلەن ئېيتىشىپ قالغىنىمنى ئاز دەپ، زۆھرە دېگەن غىلجىڭ ئوغامنى قايىنتىۋىدى، تويدىن بۇرۇنلا كەتتىم.

— زۆھرە بىلەن خېلى ياخشى ئۆتەتتىڭلارغۇ، ئۇ سىزگە بىر نېمە دېدىما.

— ماڭىمۇ بىر نېمە دېمىدى، كىيگىنىمنى ماختاپ ئىككى سائەتتەك كاسىلدىدى، چىشىم قېرىشىپلا قالدى دەڭا.

— دېسە دېمەمتى، سىز نېمىگە تېرىكەتتىڭىز.

— مۇشۇ كۈندىچۇ خېنىم، چەتئەلنىڭ كىيىم-كېچىكىنى كىيمىگەنلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ قاراڭ. زۆھرىچۇ، تويدا بىر باشتىن پەلتۇ، ئۆتۈك، پوفايكا، يوپكا، ياغلىقلىرىنى ماختاپ چۈشۈپ كەتتى. نېمانچە قىلىدىغاندۇ دەپ ئولتۇرسام، ھالقا، ئۈزۈك، ئالتۇن زەنجىرلىرىنى ماختىغىلى تۇردى. ئاخىرى گەپ تاپالمىغاندەك ئىچ كىيىملىرىنى كۆرسەتكىلى تاسلا قالدى دەڭا ئىچىمنى ئېلىشتۇرۇپ.

— ئاشۇ سورۇندىلىما؟

— شۇ سورۇندا بولمايچۇ ... ئاخىرى مەن چىدىماي: «بىرلا ئېغىز گەپ چالاقالىدى خېنىم»، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ چەتئەلدىن كەلگەن دەۋەتسىڭىز، ئاۋۇ جۇزدىكى يىگىتلەر سىزنى تالىشىپ تۇرۇپ تانسىغا تارتىدۇ، — دېدىم.

— يا ئاللا، ئەجەبمۇ ئاغزىڭىز ئىتتىك ھە سىزنىڭ. ئۆزىڭىزمۇ كىيىسىزغۇ، ھېچكىم ئىشلەتمىگەن فرانسىيىنىڭ قىممەت باھالىق ئەتىرلىرىنىمۇ ئىشلەتكەنغۇ سىز. بۇ جەھەتتە زۆھرە سىزگە يېتەلمەيدۇ.

— شۇ گەپ خېنىم. مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشكەن گەپ. باشقىلارچىلىك كىيىپ ياققان بولسا تېلېۋىزوردا ئېلان بېرەمتىكى.

— ماۋۇ ئۈچىڭىزدىكى پەلتۇ، بېشىڭىزدىكى پوسىمۇ سوۋېتنىڭكىكەن-ھە!.. بۇرۇنقى پەلتۇيىڭىزنى سېتىۋەتتىڭىزما؟

— ئۇمۇ بار، بىراق ياقىلىقى يوقكەن ئەمەسمۇ. بۇ يىل ئۈچىمدىكىسىنى ئالدىم. مۇشۇنىڭغىمۇ ئەسئەت خېلى غودۇڭشىدى.

— ھېلىمۇ غودۇڭشىمايدىكەن خېنىم، نېمە دېدى؟

— نېمە دەيتتى، يەنە شۇ پۇلنىڭ گېپى، «بىر جىڭنىڭغا نەچچە پەلتۇنى يىغىۋالدىڭ، ئا ياغلىرىڭ ئىككى سانىدۇققا لىق توشتى. ھەر قېتىم مېھمانغا بارساڭ بىردىن يېڭى كىيىم ئالىدىكەنسەن، ئېلىۋېرەمسەن يەنە. مەن يا مىللىيونېر بولمىسام، بانكىنى بۇلايمۇ ئەمدى ...» دەيدۇ. توۋا ... بىز خوتۇن خەقنىڭ مۇشۇ كىيىمدىن باشقا كۆڭلىمىز خۇش بولىدىغان نېمە ئىشى بار يەنە؟

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ راست، ئەمما ئەسەبىيكە مەسلىھەت سالماپسىز - دە.

— نېمە دەپ مەسلىھەت سالغۇدەكمەن، بىز يا ئەر خەقتەك ئىچەلمىسەك، چېكەلمىسەك ... كېچىكىمىزدىكى بىرەر قىزىل يېڭى كىيىم كىيەلمەي قالساق ئۇسسا قويۇپ بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىدىغان، ئەمدىچۇ ...

— ماڭا قاراڭ ئاسىيە، خوتۇن كىشىنىڭ ئىززەت - ئابرويى يەنىلا شۇ ئەر بىلەن بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىلا ياسىماي، ئەسئەتنىڭ ئۇچىسىغىمۇ ئازراق قاراپ قويسىڭىز شۇ گەپ يوق.

— پاھ، باشقىدىنلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتتىڭىزغۇ.

— ئۇچىسىدىكى ئاشۇ كالتە سوكنى چاپىنىغىمۇ ئون يىل بولاي دېگەندۇ؟

— سوۋېتنىڭ يا قىلىق پەلتوسىدىن بىرەرنى ئېلىپ بېرەي دەمسىز - يا؟

— «ياخشى كۆڭۈل يېرىم دۆلەت» دەپتىكەن، ئۇمۇ بولۇپ قالار ... ھەر ھالدا يامان دېمىگەندىمەن؟

— سىزغۇ يامان دېمىدىڭىز. ئۇھ ... مېنىڭ ئۇنى ھېچ ياساپ قويغۇم يوق. يۈرسۇن شۇنداق دەيمىنا. يا خوتۇن كىشى بولمىسا، ئۇنچىلا ياسىنىپ ...

— ۋايىيەي، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلماڭە ئاسىيە. بىر ئۆي دېگەندە ئەرگە بېقىپ خوتۇن، خوتۇنغا بېقىپ ئەر بولمامدۇ.

— ئەر كىشى دېگەننىچۇ تولا ياساپ كەتسىڭىز دوپپىڭىزغا جىگدە سالىدىكەن خېنىم.

— قويۇڭە ئاسىيە، ئەمدى بۇ گېپىڭىز چەك باسمىدى.

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ ... ئەسئەتچۇ ھېلىقى شاكىرنىڭ خوتۇنى رىزۋان بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇۋالغاندەك قىلىدۇ. بىر قېتىم ماڭىمۇ دېدى.

— نېمىنى؟

— رىزۋان دېگەن «تولىمۇ قوڭغۇز» نىڭ گېپىنىچۇ ...

— لەقەم قويىدىغاننى ئەجەب ئۇستا ھە، سىز.

— تۇرقى شۇ تۇرسا ئىنىڭ ... شۇ ھالىغا ياقىماي داشۆدە ئىشتىن سىرتقى ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا ئوقۇغىدەك. يا ئىنگلىزدىن ئاشنا تۇتامتىكى ئىمۇ پور كۆتەك.

— ئوقۇغانىنىڭ نەرى يامان ئاسىيە، ھەر كىم ئوقۇسا ئۆزىگە ئوقۇيدۇ.

— ئىنداق دېگىنىڭىز بىلەن خېنىم، ئەسئەت مېنى ئاشۇنىڭدىن ئۆگەن دەۋاتامدۇ - تېخى. مەن ئۆگەنگۈدەك نەرى بار ئىنىڭ؟

— دېمىسىمۇ ئاسىيە، ئاشۇ رىزۋاننىڭمۇ جېنى چىڭ خوتۇنكەن.

— ۋايىيەي، باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن.

— شۇنداق بولسىمۇ ئاسىيە، ھەم خىزمەت قىلىپ، ھەم ئوقۇپ، بىر ئۆينىڭ ئاش - تامىقى، كىر - قاتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئاسان ئىشمۇ؟ يا ئېرى تۈزۈك ئۆيدە ئولتۇرمىسا، بىر ئاي ئۆيدە تۇرسا، ئىككى ئاي گۇۋاڭجۇدا يۈرسە ... جېنى تۆمۈركەن دەپ قالدىم شۇ خوتۇننىڭ.

— سودىگەر دېگەننىڭچۇ خالىدە، ئۆي دېگەن بىردەك. ئېرىدىن بەزگەن گەپ. شۇڭا ئەسئەتنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان-دە، بولمىسا تۆت كۈندە بىر بىزنىڭ ئۆيدە نېمە بار ئىدى خوتۇنغا؟

— كۈندەشلىكىڭىز كۈچلۈك - ھە سىزنىڭ.

— كۈندەشلىكي يوق ئۆينىمۇ ئۆي دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گىلى بولامدۇ خېنىم.

— ھەر قانداق يارىنىڭ ئىزى قالىدۇ ئەمەسمۇ، كۆڭۈلگە دەز كەتسە ساقايمىقى تەس.

— ئەر كىشىنىڭ كۆڭلى كۆكرۈل، خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلى كۆكۈل ئەمەسمىكەن؟ ... ھە دېسە ئېرىم بىلەن بىر يەرگە كېلىپ بىلىپ كالىدىرلىشىپ نەچچە سائەتكىچە ئولتۇرۇشىدۇ. شۇنىڭغىمۇ چىدايمەن خېنىم ... يەنە قانداق قىلىماقچىكەن؟

— ئەسئەتنى بىرىنچى دېسىڭىز ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— قايسى كۈنى رىزۋاننىڭ گېپىنى قىلىپ قويسام چىچاڭشىپلا كەتتىغۇ ئەمىسە.

— سىزگە ئەقىدە قىلغاچقا ئۇنداق گەپلەر كۆڭلىگە تېگىدۇ-دە!

— ئالدىنقى ھەپتىدە چايغا كىيىپ بارىدىغان بىر كۆڭلەكنىڭ گېپىنى قىلسام يەنە شۇ رىزۋاننى ماڭا سېلىشتۇرۇۋاتمامدۇ.

— نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيتتى، «ئاشۇ رىزۋانمۇ كۈندە خىزمەتكە بارىدۇ، چۈشتە كېلىپ بالىلىرىغا تاماق ئېتىدۇ. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا مەكتەپكە بارىدۇ. بەزى كۈنلىرى كەچتە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ يېرىم كېچىگىچە كىر-قات يۇيىدىكەن. شۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا خوتۇن ... توي-تۆكۈنگىمۇ تاللاپ بارىدۇ. چاي ئويۇنىمىسىمۇ خۇشال-خۇرام يۈرىدۇ» دەيدۇ. سەپرايىم شۇنداق ئۆرلەيدى دەڭا.

— ئىشتىن سىرت ئوقۇغاندىن كېيىن شۇدە.

— مەنمۇ ئەسئەتكە: «ئۇنىڭغا ئوبدانلا قانات سۆرەپ قاپسىزغۇ. زېرىكتىڭىزمۇ مەندىن؟ بۇرۇنراقلا دېسىڭىز بولمامدۇ، يارىماي قالغان بولسامچۇ ئاشۇ پوركۆتەكنى ئېلىڭ. سىزگە تەگكىسى بارمىكەن زادى؟ ئېگىزلىرىدىن ئاشنا تاپالماي سىزنى تېپىپتۇ-دە، ئۇ جىن سوقۇۋەتكەن ساراڭ» دېدىم.

— ئەجەبمۇ قاتتىق تېگىپسىز ئاسىيە. تازا خاپا بولۇپ كەتكەندۇ.

— خاپا بولسۇن، تېرىكسۇن دەپ دېدىم. ئۇ تېرىككەنسېرى مەنمۇ يىغىنى بولۇشقا سالدىم، «ھەي ... ئەجەب دۆت، ئەجەب نادانكەنسەن. ئۆتكەندە ئۆيگە كەلسە ناۋات سېلىپ چاي دەملەپ كەتكەنسەنغۇ ... ئىسىت، ئىسىت ... 19 يىل ئۆي تۇتۇپتىمەن، ئىككى بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقۇچە ئون جېنىمنىڭ بىرى قالدى. ياشلىقىم تۈگىدى، گۈلدەك چىرايىم سولاشتى. تېخى قىرىققا كىرمەي تۇرۇپ چاچ ئاغاردى، بەل ئاغرىقى دېگەنلەرنى تاپتىم. ئەرنىڭ بولغىنى بولمىغىنىدىن مۇشۇ كاتەكتەك كۈن چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ، زەي ئۆيدە 12 يىل ئولتۇردۇم. تۈرمە ياخشى بۇ ئۆيدىن. ئەمدى ساقىلىڭىزغا ئاق كىرىپ، بالىلارنىڭ بويى ئېگىزلىككە تاقاشقاندا تاپقان ھۈنىرىڭىز مۇشۇمۇ؟ بولدى، مەنمۇ تويدۇم، خېتىمنى بېرىڭ» دەپ ياقىسىغا ئېسىلدىم.

— بولدى خېنىم، رىزۋاننىڭ گېپىنى قويايلى ... ئەمدى ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ئەسئەت سىزگە ئوخشاش گۈلدەك چىرايى بار خوتۇننى تاشلاپ ھەرگىز ئاشۇ رىزۋاننىڭ كۆزىگە قارىماس دەيمەنا.

— جېنىم خالىدەم، كۆڭۈل دېگەنچۇ ئەجەب پەس نېمىكەن. ئاشۇ گەپلەرنى قىلىۋىدىم، ئەسئەتنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ

كەتتىمغۇ، دەزى بولمىسا مۇشتىنى كۆتۈ-
رۈپ گۈركىرەمەمتى ئەر دېگەن؟
— ئەجەب قىزىقكەنسىز ئاسىيە، ھەمـ-
مىلا ئەر بىزنىڭ مەتتۇرسۇندەك ھە دې-
سىلا خوتۇنىغا مۇشت كۆتۈرەمتى.
— ئەسئەت قاندا قلا قىلسا ئوقۇغان-دەيـ-
لىمىز بار ئادەم باشقىچە بولىدىكەن. مۇشت،
شاپىلاق، پەشۋا دېگەنلەرنىڭ تەمى قانـ-
داق بولىدۇ، بىزدىن سوراڭ خېنىم.
تۇنۇگۈن قېشىڭىزغا بارالمىغىنىمنىڭ
سەۋەبىمۇ شۇتى. سەن دېگۈچە مەن دە-
ۋالاي دەپ سۆزلەپلا كەتتىڭىز.
— ۋەيىيەي يەنە ئۇرغان ئوخشىمامدۇ
سىزنى؟ ۋايا ئەجەب دىققەت قىلماپـ-
تىمەن - ھە.
— ئۇھ، قانداق قىلاي، پېشانەمگە
پۈتكىنى مۇشۇ ئەركەن.
— توۋا يۈزىڭىزگە ئۇرغىنى نېمىسى؟
— ئېچىۋالسىلا قېپقىزىل سارالك بو-
لىدۇ ئۇ. ئەتىسى ھېچنېمىنى بىلمەيمەن
دەپ تۇرۇۋېلىشۋالىدۇ.
— ئەجەب ئۆكتەم - ھە، مۇشۇ ئەرخەق
دېگەن.
— نېمە ئامالىمىز بار؟ بىرەر-ئىككى
شاپىلاقىغا چىدىمىسىڭىز تۆت پالا يېتىم
بولىدىغان گەپ.
— ئۇنىڭمۇ كۆندەشلىكى كۆچلۈككەن-ھە؟
— ھازىرغۇ بۇرۇنقىدەك كۆندەشلىك
قىلمايدۇ. تۈرۈپ-تۈرۈپ سارائىلىقى تۇ-
تۇپ قالىدۇ شۇ... ھازىر مېنىڭ ئور-
نۇمغا ئىككى قىزىم قالدى. چوڭ قىزىم
دىلارانىڭ ئارىسىغا كىرىپ بولغان ئىش.
— دىلارا نېمە قىپتىكەن مەتتۇرسۇنغا؟
— يا ساندىك دېمەمدۇ. شۇ قىزىمنى
ئايايمەن دەپ شاپىلاقنى مەن يېگەن
گەپ... پالىلارمۇ چوپچوڭلا بولۇپ
قالغان تۇرسا... دىلارادىن بەك خىجىل
بولدۇم. مەن ھارامدىن يېگەن بىر شا-
پىلاق ئۈچۈن شۇ قىزىم تۇنۇگۈندىن بۇ-
يان ھېچنېمە يېمىدى.
— بىزنىڭ ئەسئەتتۇ ئاينۇرغا بەك
يول قويىدۇ. مەن بىر نېمە دېسەممۇ،
دېگۈزمەيدۇ. «بالىلار چوڭ بولدى. ئۆ-
زىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالايدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن ئاغزىڭنى بۇزۇپ تىلـ-
لىغۇچى بولما، نەسىھەت قىلساڭ يولىدا
قىل» دەيدۇ، چوڭ ئادەم بىلەن سۆز-
لەشكەندەكلا سۆزلىشىدۇ ئۇلار بىلەن.
— مۇشۇ كۈندە شۇنداق ئېچىم سىقىـ-
لىپ كېتىۋاتىدۇ مېنىڭ.
— مەتتۇرسۇن كۈزۈنۈشتە ئەجەب
ياۋاش - ھە.
— ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە دې-
گەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ سىزغان سىزىقىـ-
دىن چىقمايسەنلا دەيدۇ.
— جاھىلمۇ؟
— ئۇنى بىر دېمەك. دېگىنىنى قىلىـ-
دۇ. تۆي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغىمۇ ئانـ-
چە - مۇنچە بېرىپ تۇرىمىز. دېسەم ھە-
قاچان ئىشەنمەيسىز، بالا تۆت بولغۇچە
ئۆزۈم يالغۇز بىر تويغا بېرىپ باقمىـ-
دىم جۇمۇ.
— نېمە دەيدىغانسىز ئەمـدى، ئۇنىـ-
چىلىكمۇ ئەمەستۇ؟
— تۇتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىـدۇ
خېنىم ... ئۇنى دېسىڭىز مەن مۇشـ-
ماگىزىنىغا ئورۇنلاشقىچىمۇ ئۆيدە قىيا-
مەتنىڭ جېڭى بولغان. ئارىغا ئاپام،
دادىلارنى سالساممۇ ئۇنىمىدى. ئاخىرى
ئاكام ئارىغا چۈشۈپ مىلك تەستە كۆنـ-
دۈرگەن ئۇ كازنى.
— ماگىزىندا ئىشلىگەنىنىڭ نەرى

يامانكەن؟

— پالانچىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدىڭ، پوستانىغا ھىجايىدىڭ دېگەندەك گەپلەر بولمامدۇ. مەنغۇ ئىشلىگىلى ئەمدى بىر يىل بولدى. ئۇنداق گەپلەرمۇ تېخى ئەمدى تۈگىدى. يېڭى توي قىلغان چاغلاردىكى گەپلەرنى قىلىپ بەرسەم ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ. ھازىر ئادەم بولۇپ قالغان ۋاقتى بۇنىڭ.

— بۇرۇن سىلەر يۈرۈشۈپ، سىنىشىپ توي قىلىشقانمۇ؟

— بىر نەچچە ئاي يۈرگەن. بىرەر ئىككى سائەتتە نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدىغان شۇ.

— تازا مۆرىمەستىسىگە يەتتۇق-دە.

— سېپى ئۆزىدىن دەڭا، مەن سىزگە بىز يېڭى توي قىلغان چاغدىكى بىر گەپنى دەپ بېرەي ... بىز توي قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن بىر دوستۇم بىزنى ئۆيىگە چاقىرغان. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇنلار، پات ئارىدا توي قىلىشماقچى بولغان قىز-يىگىتلەر ئىكەن. شۇنداق يېقىن ئاغىنىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىدا كىمگە گەپ قىلاركىن، كىمگە قاراپ كېتەركىن دەپ يېنىمدىن بىردەممۇ قوپمىدى جۇمۇ. بىر چاغدا ئىككى ئاغىنىسى كېلىپ: «جۆرە، سىرتقا چىقىپ كىرەيلى» دېۋىدى، «سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، تاماكىنى ئېلىۋالاي» دەپ كارىۋاتتىكى چاپانلارنى ماللاپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ، ئاستا قۇلىقىمغا: «ماۋۇ تۈكۈرۈك يەرگە سىڭىپ كەتكۈچە مۇشۇنىڭغا قاراپ بېشىڭنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ تۇر جۇمۇ، ھازىرلا كىرىمەن» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. تۇۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپلا قاپتىمەن ... جېنىم ئاسىيە، ئۆمرىڭىزدە مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باققانمۇ سىز؟

— ۋايىيەي، نېمانداق قىزىق بۇ مەتتۇرسۇن ... زادى ئاڭلاپ باقمىغان گەپكەن. بۇ ... ۋايىيەي ... تولا كۈلۈپ مەيدەم ئاغرىپ كەتتىغۇ ... ئۇھ ... ۋايىيەي ...

— ئۇغۇ بۇرۇنقى گەپ. ھېچگە پىتمەس - ھېچگەپ يوق مۇشۇ كۈنىدىمۇ ئەردىن تاياق يەپ يۈرسەك ئەجەب سەت تۇرىدىكەن.

— شۇنى دەڭا، مەتتۇرسۇنىمۇ كىچىكىنە سەگىتىپ قويماي بولمىغۇدەك.

— مەتتۇرسۇنغۇ ئۇنداق تومپاي بولغىنى بىلەن ئەسئەتنى بەك چوڭ كۆرىدۇ. ئەسئەت بىر سۆزلىشىپ تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا قانداق بولار؟

— گەپ دېگەن ئېغىزنىڭ يېلى خېنىم، ئەسئەتنىڭغۇ ھەرقانداق ئادەمگە تۆت ئېغىز تەربىيە قىلغۇچىلىكى بار. بىراق ... شۇ ...

— ھە، ... سىز بەك ئىنچىكە ئويلاپ كېتىپسىز.

— ئويلىماي بولامدۇ خېنىم. ھازىرغۇ ئاراڭلاردا كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك بوپتۇ. تۆت كۈندىن كېيىن تۈزۈلۈشۈپ قالساڭلار ئەسئەت خاپىلىقتا قالمىسۇن دەيمەنا.

— سىز شۇنداق ئويلامسىز؟

— «ئەر-خوتۇن يېپىتۇر، ئارىغا چۈشكەن ئىتتۇر» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— سىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ ئاسىيە، ھەر ئىش يولى بىلەن بولار. بۇنچىلىك ئىشقا ئەسئەتنىڭ ئەقلىمۇ، پەملى

مەمۇ يېتەمدۇ. يوقىلاك ئىشلارغا ئەنسىرەيدىكەنسىز خېنىم.

— ئۇنچىلىك يېرى بولسىغۇ مەيلى.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مۇشۇ شەنبە كۈنى بىزنىڭكىگە كېلىڭلار. ئەسئەتنى كۆرسە مەتتۇرسۇن باشقىدىن-لا ئېچىلىپ كېتەمدۇ. ئەسئەت گەپ قىلىدىغان بولسا ھېچكىمنى گەپ قىلدۇرماي چىرايىغا تىكىلىپلا ئولتۇرىدۇ ئەمەسمۇ. بىر بالىغا كۆيگەندەك كۆيىدۇ ئۇنىڭغا.

— ئۇنچىلىك يېرى بولسىلا مەيلىغۇ.

— ئەر خەق دېگەن راۋۇرۇس ئىچىشكەندە نى گەپلەر چىقىدۇ. بىردەمدىلا ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ كېتىدۇ.

— ئەتىسى ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دەپ تۇرۇۋالىدىغىنى ياماندەن ئەمەسمۇ، چاغلاپ ئىچكىنى تۈزۈك.

— شۇنى دېمەمسىز، ئىچمىسە تېخى تورالمىغان، ئىچسە ئاز ئىچمەيدۇ، ئۆلگۈدەك ئىچىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئەر كىشى ھە دېسىلا لەشتەك بولۇۋالسا خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەيتتى خېنىم. ئەر كىشى دېگەن جىرىڭشىپ تۇرسا، خوتۇن كىشىمۇ ئۆزىنى سەگەك تۇتىمامدۇ.

— گاھىدا گەپ قىلىسىزچۇ شۇنداق قايىل بولۇپ كېتىمەن سىزگە. خۇددى پېشقان مۇئەللىم يا يازغۇچىدەكلا. «ئاتىنىڭ يېنىدا تۇرساڭ ئاتىنىڭ خۇيىنى ئالىسەن، ئېشەكنىڭ يېنىدا تۇرساڭ ئېشەكنىڭ» دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ جۇمۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز ئادەمنى خىجىل قىلىپ ... ھە راست، ماگىزىنلاردا خوتەننىڭ قىزىل گۈل ھارىقىدىن بارمۇ؟ قاتار چاينىڭ نۆۋىتى گۈل ھەسەلگە كەلگەن، شۇ سورىغانىتى.

— مەن سوراپ باقاي، بولسا ئېلىپ قويىمەن.

— ئاياللار خېلىلا ئۆگىنىپ قالدىچۇ ئۇنىڭغا. تەممۇ ياخشىكەن، پۇرىقىمۇ شۇنداق ئېسىل دەڭا. مۇشۇ ئەرلەرمۇ شۇنداق پۇرا قىلىقراق نەرسىلەرنى ئىچسە دەيمەن. ئاقنى ئىچىدىغان بولسىچۇ، نەچچە كۈنگىچە يېنىغا كەلگىلى بولمايدۇ. شۇنداق سېسىق ... ھەي خالىدە، بىزنىڭ چايغا قوشۇلامسىز-يا؟

— ياقەي، ئاخىرىم قاپ بەلدىن دەپ ئولتۇرىدىنلا قىسىلىۋالسامىمۇ بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتتۇرسۇنمۇ ...

— ئەمىسىچۇ، ئالدى بىلەن ئەر-خوتۇن ئوينىغان قاتار چايغا قوشۇلۇڭ. مەسلىھەتنى مۇشۇ شەنبە سىزنىڭكىدە قىلىشايلى، قانداق؟

— مەتتۇرسۇن نېمە دەركىن؟

— نېمە دەيتتى، ئەر-خوتۇن ئوينىغاندىكىن خۇش بولسا بولىدۇ-تېخى.

— ئاردا تونۇمايدىغانلارمۇ بارمۇ-قانداق؟

— بولسا نېمە بوپتۇ. تونۇشمىسا تونۇشىدۇ. ھاراق دېگەنچۇ جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان نېمە، ئۇ ... مەتتۇرسۇنمۇ پۇلغا تارتىشامدۇ-يا؟ سىزغۇ خوتۇن كىشى، ئالقىنىڭىزنى سىقىمداپ تۇرسىڭىزمۇ ھەق، مەتتۇرسۇننى خېلى مەرد ئەرمىكىن دەيمىنا. ئۇنداق يېرى بولسا ئۇنىڭمۇ ئامالى بار. بۇقىنى سېتىپ ئىچىدىغان خوتۇنلارمۇ ئالدىمىزغا راۋۇرۇس داستىخان سالماي قۇتۇلالمايدۇ جۇمۇ بىزدىن. ئەر كىشى دېگەننى بىرلا ئېتىمىز گەپ بىلەن ...

— ئۇنچىلا دەپ كەتمەك ئاسىيە، سىزمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر ئەرنىڭ قولىدىكى خوتۇن.

— ۋايىيەي، دەپ-دېمەي نېمىتى. ئون-يىگىرمە تەڭگە ئۈچۈن خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىدا «ئىي-مىي» دەپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەننى ئاڭلىغانمۇ-سىز؟

— ئۇنتۇپ قالماڭ خېنىم، گۆش دېگەن مىڭ ئوروق بولسىمۇ نانىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ جۇمۇ!

— سىزنىڭمۇ كىشىنىڭ ئېسىدە كەلمەيدىغان قىزىق گەپلىرىڭىز بار-ھە، نەدىنمۇ تاپقانسىز مۇنداق گەپلەرنى... بوپتۇ، دېگىنىڭىزدەكمۇ بولسۇن، ئەڭ مۇھىمى چاي ئوينايلى خېنىم. چاي!...

— چاي!...

— ھە ئە، چاي!... ئەمدىچۇ سىزمۇ تۈنۈگۈنلا سەزادىن كەلگەندەك يۈرمەي ئۆزىڭىزنى ئانچە-مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ خوتۇن كىشىدەك يۈرۈڭ. پۇل دېگەننىچۇ ئەر كىشى تاپىدۇ. خوتۇن كىشى خەجلەيدۇ. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە شۇنداق. چېچىڭىزنى كېسىڭ خېنىم، بۇدۇر قىلدۇرۇڭ.

— مۇشۇ ئۇزۇن چېچىمنىما؟

— نېمىدىن قورقىسىز، سىز يېمىگەن شاپىلاقمۇ ئۇ؟ مەتتۇرسۇنمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالىدۇ... يېرىم سائەت باش يۇسىڭىز ئىككى سائەت چاچ تارايدىكەنسىز. نېمە جاپا سىزگە.

— خاپىلىقتىن قاچىمەن دەڭا.

— بۇ ئۆتمۇش ئەمەس خالىدە. ئاياللارمۇ يېرىم دۇنيا، ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر دەۋاتىمىدۇ. بىز بولمىساق ئەرلەرنى كىم كۈتىدۇ، كىم ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. بىز بولمىساق بۇ دۇنيا قۇرۇپ كەتمەمدۇ؟... ھازىرچۇ قاراڭ، ئاياللار جەمئىيەتتە كۆكەمە ئەرلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتقۇدەك. مۇشۇ كۈندە ئۇرۇپمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

— راستىما؟

— ئەجەب سادىدا ھە سىز خالىدە. ئۆمرىڭىزنى مۇشۇندا قىلا ئۆتكۈزۈۋەتمەك. ئويناڭ، كۈلۈڭ، ئېچىلىڭ، ياپىياش تۇرۇپ گۈلدەك چىرايىڭىزنى ئۆي ئىشى بىلەنلا نابۇت قىلىۋېتەمسىز؟

— مېنىڭمۇ تۆت ئادەمگە قوشۇلۇپ ئۆتكۈم بار. قانداق قىلىمەن. شارائىتىمىز شۇ تۇرسا.

— شارائىت دېگەننىچۇ ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ. ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ... ماۋۇ ئۈچىڭىزدىكى پەلتومۇ نېمى زاماندىن قالغىنى. پۇتىڭىزدىكى بوتىيەمۇ شۇ. مۇشۇ تاپتا پايپاق قىلىق ئوروس توخۇسىنىلا ئوخشاپ قاپسىز. مۇشۇ كۈندە تۈركىيىنىڭ مۇشۇ لابدۇر كۆڭلىكىنى كىيىپ يۈرەمسىز؟

— قانداق قىلىمەن جېنىم ئاسىيە؟

— ياسىنىڭ، مودا كىيىملەرنى كىيىڭ... ئۈچىڭىزدىكىنى بىرەر قىز يۆتكىمەي چايغا بارالامسىز؟ سىز ياسىنىدىغان بولسىڭىزچۇ چىرايىڭىز گۈلدەك ئېچىلىپلا كېتىدۇ. نى-نى قىزلارنىڭمۇ ئەقلى ھەيران، بوينى سىڭايان بولۇپ قالىدۇ سىزگە... ھازىرچۇ ئاتمىش ياشلىق موماي لارمۇ مودا قوغلىشىدىغان بولۇپ كەتتى.

— ئەجەب دەيدىكەنسىز جېنىم ئاسىيە، مەن مودا قوغلاشقىلى تۇرسام بالا تۆت، نان ئىككى بولۇپ قالامدۇ؟ ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئاقىدىكەن خېنىم.

— پۇل دېگەننى تاپقۇلۇق. ئەسئەتمۇ نەچچە كىتاب يازدى. ھەممىسى پۇل. مەتتۇرسۇنمۇ پۇل تاپماي نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بوش ۋاقىت تاپسىلا ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلسۇن. سودىگەر ئاغىنىلىرىدىمۇ ئاز ئەمەسقۇ؟ ئىشنى كىچىكىدىن باشلىسا بولۇۋېرىدۇ. «تاما - تاما كۆل بولىدۇ» خېنىم. تۈنۈگۈنلا كەشمىنى مايماق سۆرەپ يۈرىدىغانلارنىڭ ھالىنى بەش ئات تارتالمايدىغان بولۇپ كەتتى ھازىر. مۇشۇ شەھەرنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئادەمگە قايسى يولنى ئېتىپ قويۇپتۇ؟ مىڭ گۈي پاتقان يەرگە بىر گۈي پاتمامدىكەن؟

— قېنى بارەمەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز.

— مەسلىھەت - پەسلىھەت دەپ ئولتۇرماي ئىشنى جاڭگىدە باشلاش كېرەك. ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشىدۇ. پۇل دېگەننى شۇنداق تاپىدىغان گەپ. چايىمۇ پۇل كېرەك - تە.

— ئەلۋەتتە خېنىم، ئەتىگەندىن دەۋاتقان گەپ شۇ.

— چايغا بارسىڭىزچۇ، يېڭىلىق دېگەننى ئاڭلاپ تۇرىسىز. ئاياللارنىڭ ھەممىسى يېڭى - يېڭى مودىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ كېلىشىدۇ، ئۇلارمۇ يېڭىلىق. شەھەردىكى ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەر قايسىلار، كونىراپ قالغانلىرى قايسىلار، تولۇق مودىدىن قالغانلىرى قايسىلار، ھەممىنى بىلىۋالىسىز. شەھەردە نېمە يېڭىلىقلار بولۇۋاتىدۇ، ئۇ گەپلەرمۇ چۈشىدۇ.

— جىق نەرسە بىلگىلى بولغۇدەك.

— ھازىرچۇ مودا دەۋرى. يالغۇز ئاياللارلا ئەمەس، ئەرلەرمۇ مودا قوغلىشىۋاتىدۇ. سوۋېتنىڭ قالپىقىنى كىيمەيدىغان ئادەم قالمىغان ئوخشايدۇ. پەردىچە كىيىدىغان سوپىلارمۇ كىيىۋاپتىغۇ.

— باشقىلار نېمە قىلسا بىزمۇ شۇنى قىلامدۇق. ئالدى - كەينىمىزگە قاراپ ئويلاپراق ئىش قىلارمىز.

— ئويلايدىغان ئىشنىچۇ ئەمدى ئەرلەر قىلىۋالسۇن. ئاشۇ بالىلارنى چوڭ قىلىپ بولغۇچە تولا خىيال قىلىپ مېڭىمىزنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېگەن بىزنىڭ. يەنە نېمە خىيالكەن ئۇ تۈگىمەيدىغان.

— توۋا ... ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا مۇئەللىم بىزگە «ئادەم مايمۇندىن تۆرەلگەن»، دېسە ئىشەنمەيتتىكەنمەن. ھازىر ئويلىسام راست ئوخشايدۇ. بىز خەق ھېچنېمىنى ئويلىمايدىكەنمىز. بولۇپمۇ خوتۇنلار ... بىرگۈن بىرسى بىر يېڭى كىيىم كىيىپ كوچىغا چىقسا، ئەتىسى يۈز خوتۇن شۇنداق كىيىمنى كىيىپ كوچىغا چىقىدىكەن. كىيەلمىسەكمۇ كىيگۈمىز كېلىدىكەن. ھېچبولمىسا ئارقىسىدىن ئۇزاپ كەتكۈچە قارايدىكەنمىز. ئىچىمىز ئېچىشىدىكەن. توۋا ...

— خوتۇن كىشى دېگەن شۇ. «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىز؟ يالغۇز باشقىلار كىيگەننى ئەمەس، بولسا كىيمىگەننى كىيىش كېرەك. مودا دېگەن شۇ!

— باشقىلار كىيمىگەننى كىيسە مودا بولامدا؟

— ئەلۋەتتە، خېنىم. ياراشتۇرۇپ كىيىشمۇ بىر گەپ. ئۆتكەن ھەپتىدە رەشىدە ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنى قىلغاندا كۆتكۈچىلىك قىلغان دوستلىرىنىڭ

ھەممىسى بىردىن ساراپان كىيىشىپتۇ. ياراشقانلىرىغىمۇ يارىشىپتۇ، ياراشمىغانلىرىنىڭ ئىسكەتىنى شۇنداق بۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇچىسىغا خۇددى ئۇزۇن زاۋۇتنىڭ تاغىرىنى كەپلىۋالغاندەكلا.

— بىز راستلا مايمۇنكەنمىز.

— نېمە دەپ يۈرىدىغانسىز خېنىم. بىزچۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن تۆرەلگەن مۇسۇلمان خەق بىز. ئادەم مايمۇندىن تۆرەلگەن بولسا باغچىدىكى مايمۇنلار نېمىشقا ئادەمگە ئۆزگەرمەيدۇ؟

— ئۇنچىلىك ئىشقا ئەقلىم يەتسە ئۆيدە ئولتۇرامتىم.

— ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولسىڭىزچۇ ھېچنېمىگە ئەقلىڭىز يەتمەيدۇ. باشقىلارغا ئارىلىشىڭ، جەمئىيەتنى كۆرۈڭ. شۇ چاغدا ئەقىل تاپىسىز، يول تاپىسىز. يول دېگەننىمۇ ئادەملەر مېڭىپ پەيدا قىلغان.

— يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىساق بولماس. يول تاپىمىز دەپ تۈيۈقيولغا كىرىپ قالمايلى يەنە.

— ئازماس ئاللا تائاللا، دەپتىكەن. بەندە دېگەن ئازىدۇ خېنىم. سىزنى كۆرمەيلا ئۈركۈپ كەتمەڭ، سىزدەك گاللۋاڭ خوتۇندىن مۇشۇ شەھەردە يەنە نەچچىسى باركىن تاڭ... ئاۋۋال سىزغا ئۆزىڭىزنى ئېيتىڭ، يا قاينامدىن چىقارسىز، يا سايرامدىن! ۋايىەي... سائەت 12 بولاي دەپتىغۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى. چۈشلۈك تاماققا كېچىكىدىغان بوپتىمەن-دە! قانداق قىلارمەن ئەمدى؟...

— ئۇھ، ئەجەب ئۇزۇن پاراڭلىشىپتۇق-ھە. بىلىم قېتىپ تاياقتەكلا بولۇپ قالدى... شەھەر ئىچىدىكى ئەگىم دۇكاندا يېڭى پاسوندىكى كۆزلۈك ئاياغ سېتىپتىمىش دېيىشىدۇ، قاراپباقاي دەپ چىققانىدىم. ئەگلەككە چىقىپ ئەرگىنە تەگكەندەك ئىش بولدىغۇ بۈگۈن.

— چۈشتە مەتتۇرسۇن كېلىپ، بىكار ئولتۇرۇۋېرىپ تاماقنى ئۇلگۈرتۈپ ئەتمەپسەن دەپ تىرىكىدىغان بولدى-دە! يېرىم كۈنلۈك دەم ئېلىشىم تۈگەپتۇ. چۈشتىن كېيىن كىر يۇماقچىدىم تېخى.

— خوش ئەمسە خېنىم، كېيىن يەنە كۆرۈشەرمىز... ھە راست، سىڭلىڭىزگە سېلىپ قوياي، شەنبە كۈنى ئۆيىڭىزگە بارىمىز جۇمۇ، ئۇنتۇپ قالماڭ!... ھېلىقى قىزىل گۈلىڭىزدىن بولسا ئاپىرىپ قويارسىز...

— مەن دەيمەن ئاسىيە، باياتىن جىق پاراڭلاشتۇق. يەنە دېسەم، يەنە شۇ. ھەممىمىز تەڭ باش قاتۇرۇپ مۇۋاپىقراق بىر يول تاپايلى دەيمەن. بۇ ئىشتا...

— خوش خېنىم، مەن ئالدىرايمەن. دۇكاننى چۈشتە ئېتىۋەتمىسۇن يەنە... خوش ئەمسە... شەنبە كۈنى ھە!...

— ھەي ئاسىيە! كەتتىڭىزمۇ؟ سىز كۆپرەك ئويلانسىڭىز بولاتتى. مەنلا ئويلانغان بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ ئۇھ... ئاڭلىمىدى بولغاي بۇ چوكان... ئويلانماي بولامدۇ... بوپتىلا، مەن بولسامۇ ئويلانغاچ تۇراي. ئويلىنىدىغانلار يەنە چىقىپ قالار!...

# شېئىرلار

## سەپەر تەرەملەرى

ئەمەن ئەخمەدى

### بىرىنچى ناخشا

مېنىڭ قاندىقىلىقىم چاغلىقلا بىر ئىش
لېكىن سېنىڭ بىلەن ئالەمدە نامىم.
سۆيمەي يا سۆيۈلمەي ئېرىشكىنىم قىش
سېنى سۆيۈپ كەتمەس بولدى باھارىم.
نادان ئىدىم ئىشقىڭ ئويغاتتى كۆڭۈل
جامالىڭ مەۋجىدىن نۇرلۇق نىگاھىم.
گۈلگە سايراپ بىر قۇش ئاتالدى بۇلبۇل
مېنى بۇلبۇل قىلدى ئوتتۇك - پىراقىڭ.
مەن تىزىملىكىدە ئاددىي بىر ئىنسان
قەلبىڭدىن جاي بەرگەچ ئۇلۇغ ھاياتىم.
مەجنۇن سۆيەت ئاقار تېنىمدىكى قان
لېۋىڭ زەمزەمىدە بەختىم - ماماتىم.

### ساھىلدىكى ئارمانلار

بارخان ئارا تاپالماستىن يول
قېچىپ كەتكەن ھېسلىرىم ئەمدى
تۇتۇۋېلىپ ساھىلدا دولدۇل
قوچاقلاپتۇ يېشىل دېڭىزنى.
يۈزلىرىمنى قىزارتىپ ئاستا
قەلبىم بىلەن مۇڭداشتى بىردەم.
نېدى بىر چاغ نېمىشقا ماڭا
قوللارىڭنى دولقۇن بەرمىگەن؟...

### ئەلتەجا

تەلپۈنىمەن قارشى قىرغاققا
يەلكەن تەمە قىلمايمەن سەندىن.
قاراپ باقسام ئاپئاق بۇژغۇنلار
بىزەيدىكەن ساھىلنى نەمدىن.
گۈگۈم پەيتى يۇلتۇز بىلەن ئاي
خالايدىكەن ساڭا چۆكۈشنى.
ئۆگىنىپتۇ تاغلارمۇ ھايىھاي
قۇچىقىغا زەمزەم تۆكۈشنى.
بىلىقئالغۇچ بولاي بىر لەھزە
كۆكسۈڭدىلا قېتىپ يۈرەي پەر.
ئويغاقلىقىڭ ئۈنسىز قەلبىمگە
ئورۇق قىلىپ دولقۇنىڭدىن بەر...

### يەنسەي كۆلى

سەن سايرامۇ ۋە ياكى باغراش!
بىر تۇغقانمۇ ۋە ياكى قانداش!
سۆيۈك تەمى ناۋات سالغاندەك
ئايىنىڭغا قويغۇم كەلدى باش!
بىلگەن بولساڭ ئۆزۈڭمۇ بىر كۆل
كۆل - كۆل ئۈچۈن ھامان قېرىنداش.
بىر جەننەتتىن چىققاچ گۈزەللىك
مەھەللەمگە ئوخشايدۇ ھەر قاش.
قايتىپ كەتسەم كېلىمەن يەنە
ئۆزىتىپ قوي لېكىن تۆكمە ياش.
چاڭقاق قەلبىم سىماپ بۇ دەمدە
دەپ قالمىغىن يۈرىكىمنى تاش.

### تەسىراتىم

ئالەمدە بىرىنچى قۇۋۇق دېيىدىكەن
زىيارەتنىكى بۇ ئۆتكەل نامىنى.
بىلمىدىم بىر زامان كىملەر كۆتۈرگەن
مۇشۇ يەردە تاپقان شەرەپ جامىنى؟
گوياكى ھەر خىشتا ئەسىرلەپ تارىخ
گاھى بۇرجەكلەردە ئوقيانىڭ ئىزى.
سېپىل يېرىقىدا ئۈنگەن گىياھىنىڭ،
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ قەدىم پىلتىزى.
ئويلىدىم كۆز تىكىپ گۈلگۈن دالاغا

uyghurkitap.com



بۇ قوۋۇق نېمىدىن بېرىدۇ دېرەك؟
ھېيىندىرىم چېچىلىپ سىڭدى ھاۋاغا.
دولقۇنلار مىسالى سىلكىنىدى يۈرەك.
غالىبلار قاتارى قەددىمنى كېرىپ
خاتىرە سۆرەتكە چۈشتۈم راۋاقتا،
ئېھتىمال شۇ دەقىق قالدى دەسسىلىپ
قېنى تۆكۈلگەنلەر قېنى ئاياقتا...

### ئارىيە

ئەجەب تارىخ، ئەجەب بىر ئۆتمۈش
خارابىگەدىن ئەسىر نامايان.
كېسەك ئالتۇن ھەر بىر پارچە خىش
غۇرۇرۇڭنى قىلىدۇ ئايان.
كونا دىۋار يۈزىدە تۇتۇن
تىنغان ئۆستەڭ ئابىدە ماڭا.
ئەقىدەمنى ئەيلىگەچ پۈتۈن،
تەڭ بىلمەيمەن ھېچكىمنى ساڭا.
كۆز ئالدىمدا سەھراچە ئاھاڭ
شاھىد ئىزلار تۈرىدۇ لەيلەپ.
يىرچۇقلاردا قېرىپ قالغان چاك
ئەسلىمەمنى سۆيەر ئەللەيلەپ...

## مەسەللەر

ھەسەن تىلەۋالدى

### قاچىنىڭ ئەرزى

ئەرز ئوقۇدى بىر كۈنى قاچا،
چۈمۈچبا يىغا ئۆزىچە سىلىق.
«تاماق ئۇسساڭ ھەر نۆۋەت ماڭا،
ئاز ئۇسسەن بۇ قانداق قىلىق؟»

ئاغرىنمىغىن، — دېدى چۈمۈچباي، —
ئىش ماڭدى ئەسلى يولىدا.
كۆرمىدىڭمۇ خىزمەت قىلىپ مەن،
تۇرغىنىمنى كىشىنىڭ قولىدا.

### چۆگۈن بىلەن پىيالە

دوق قىلىپتۇ پىيالە
بىر كۈنىسى چۆگۈنگە.
قىزدىق چاينى قۇيىسەن،
نېچۈن مېنىڭ ئىچىمگە.

كۆرەلمەسەن ياكى سەن
مېنىڭ گۈزەل چېھرىمنى.
قوپاللىق قىپ ئۆزۈڭچە
ئاغرىتىسەن دىلىمنى.

دەپتۇ چۆگۈن، — مۇشۇ ئىش،
دوستۇم سېنىڭ خىزمىتىڭ.
جاپا مۇشكۈل، ئەجىرسىز،
بولماس قىلچە قىممىتىڭ.

### قۇشقاچنىڭ مەسلىھەتى

ئېشەك ھاڭراپ ئۆز ئاۋازىغا،
ئۆزىنىڭ يەك كېلىپ مەستلىكى.
— دەپتۇ دەرھال قۇشقاچقا قاراپ،
«ناخشا چىراپان» ئىدىم مەن ئەسلى.

ھەسەت قىلىپ بەزىلەر مېنىڭ،
ئاۋازىمغا بولمايدۇ قايىل.
ناخشام بىلەن پۈتكۈل ئەتراپنى،
تالانتىمغا قىلىمەن مايىل.

— توغرا، — دەپتۇ قۇشقاچ ئىنىڭغا،
«ھېچكىم ئېشىپ كېتەلمەس سىزدىن.
ئەپسۇس توغرا باھا بېرەلمەي،
چوڭ سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ بىزدىن:

ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ بىراق،
سىزنىڭ ئەلمىتە رۇخسارىڭىزنى.
بۇندىن كېيىن ناخشا ئېيتماي سىز،
ئاسراڭ «ياڭراق» ئاۋازىڭىزنى.

# غايىب بولغان بىر پاي ئاياغ

(ھېكايە)

تۇرسۇنئاي ئەمەن

ماتېرىيال كۆتۈرۈپ قىرائەتخانىغا كىرىپ كەلگەن بىر قىز بىرىنچى رەتنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، قانداقتۇر بىر كىتابنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

توۋا، تۆت يىللىق ستۇدېنتلىق ھايا- تىمدا بۇنچىلىك قاملاشقان قىزنى كۆر- مىگەنتىمغۇ؟

ئۇ قىز ماڭا قاراپ تاتلىققىنە بىرنى كۈلۈپ قويدى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئوڭايسىز ھالدا مەنمۇ كۈلۈپ قويدۇم.

ئۇ نېمىشقا كۈلدىكىنە؟ ياكى ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغىنىمنى مەس- خىرە قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ نېمە بولدۇم... ئەزەلدىنلا بىر كۆرۈپ ئاشىق بوپتۇ دېگەنلەرگە ئىشەنمەيتتىمغۇ؟

كەينى - كەينىدىن قىرائەتخانىغا كىرگۈچىلەر ئۇنىڭغا قاراۋېرىشىنى ئۈزۈپ قويدى. مۇمكىن بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرائەتخانىدىن قوغلاپ چى- قارغان بولاتتىم. قوڭغۇراق چېلىندى. ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىمدا ئۇ يەنە تاتلىق بىرنى كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. شۇنچە تېز ماڭساممۇ تۆتىنچى رەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندۇقىدىن كېلىپ بولغۇچە ئۇ قىرائەتخانىدىن چىقىپ غايىب بولدى.

× ×

قىرائەتخانىغا كىرگىنىمگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، بەكلا ئۇزۇن بىلى- نىپ كەتتى...

ئۇ قىرائەتخانىغا كىردى. كېيىۋالغان ئەتلەس كۆڭلىكى ئۇنى شۇنچە گۈزەل-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەشتۈرۈۋەتكەنكى، گۈزەللىك شاھمۇ بۇنچىلىك بولمايدىغاندۇ... كۆزلىرىم ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە يوشۇرۇنغان بىر جۈپ كۆكسىگە چۈشۈشى بىلەن پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ كەتتى...

ئەنە، ئۇ تاتلىقتىنە بىرنى كۈلدى، نېمە قىلىشىمنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئىتتىكلا كىتابقا قارىغاندەك بولۇۋالغىنىم بىلەن يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ مېنىڭ ھېچقانداق ئىپادىسىز تۇرغانلىقىمدىنمۇ قانداق، ئارقىسىنى قىلىپ ئۈستەلنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ئەپھانىناس، مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. چەمەن دوپپا ئاستىدىكى ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ مەجنۇنتاللىدا ئوخشاش تولغىنىپ، ئىككى تەرەپكە تەڭ يەلپۈنەتتى. مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن قانچە كىتابقا قارىغان بولسامۇ، ئاشۇ چەمەن دوپپا ئاستىدىن نازۇك بەدەنلەرنى بويلاپ چۈشكەن ئاشۇ چاچ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. تاھىر سولانغان ساندۇقنى دەريادىن سۈزۈۋالغان مەلىكىلەرنىڭ چاچلىرىمۇ مۇشۇنداق بولغىمىدى؟

ئۇ يېنىمغا كېلىپ تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇردى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئەتراپتىكىلەرگە قارىدىم. ھېچكىمنىڭ بىز بىلەن كارى بولماپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرىنى قولۇمنى تارغاق قىلىپ تارىدىم، ئۆرۈدۈم. ئاخىرى ھەممىنى چۇۋۇۋەتتىم. چاچلىرىنى پۇرىدىم، ئۇنىڭدىن چىققان ئىللىق پۇراق دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ تىنىقلىرىم ئارقىلىق پۈتۈن ھۈجەيرىلىرىمگە سىڭىپ كەتتى... ئوھ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.

— ئۇ كام ۋاقىت توشتى:

ئەتراپىمغا قارىدىم، دېمىسىمۇ قىرائەتخانىدا مەنلا قالغانىدىم. ئۇ قاچان چىقىپ كەتكەنىدۇ؟ ھەي مېنى...

× ×

قىرائەتخانىدا ئىچىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ كىرىپ كەلدى. ئۈستىدىكى ئېرىپ بولالمىغان قارلار ئۇنى قار لەيلىسىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھېس قىلىشىمچە، كىچىك ۋاقىتلىرىمدا مومام ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى قار مەلىكىسى مۇشۇنداق ئىدى. ئۇ توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى ھورداتقىنىچە ئىللىق كۈلۈپ قويۇپ مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى.

... — قاراڭ، قوللىرىڭىز توڭلاپ كېتىپتۇ.

قوللىرىنى قوينۇمغا سېلىپ ئىسسىتتىم. تىترەپ تۇرغان نازۇك بەدەنلىرىنى قۇچاقلىدىم.

— ئەخمەت، سىزنى تەبرىكلەيمەن. قارا، پەرىزاتلارمۇ بۇنچىلىك گۈزەل بولمىسا كېرەك.

ئۇنىڭغا قارىدىم، كىيىۋالغان تويي كىيىمى گۈزەل ھۆسنىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. خۇدايىم ياماڭ كۆزلەردىن نېرى قىلغايسەن. مېنىڭ كۆزۈم... مېنىڭ مەلىكەم...

— قاراڭ ئەخمەت، بالىمىزغا تىل چىقىپتۇ، بە، بە دەۋاتىدۇ. خۇشاللىقىمدا ئوغلۇمنىمۇ، ئۇنىمۇ سۆيۈپ كەتتىم. مانا بىر كۈنلۈك ھاردۇقىمدىن ئەسەرمۇ يوق. ھەرقانداق كۈچلۈك قەلەم ئىگىلىرىمۇ ھازىرقى بۇ بەختىمنى تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلار.

قولۇمنىڭ جوزىغا تېگىپ قاتتىق ئاغ-
رىشى مېنى ئويغىتىۋەتتى. قاچان
يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنى بىل-
مەيمەن، بىر قىز ماڭا قاراپ ھەدەپ
كۈلۈۋاتاتتى. يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى.
خۇداغا شۈكرى، قىرائەتخانىدا ئادەملەر
ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ بېرىلىپ
بىر نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتاتتى. بىر چاغدا
تەبەسسۇم بىلەن يېنىمغا قارىغاندەك
قىلدى. يېنىدا بىر بوش ئورۇن بار ئىدى.
بۇ يەرگە كېلىپ مۇزاكىرە قىلىشىڭ،
دەۋاتامدىغاندۇ؟ بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇش
تاسادىپىيلىق ئەمەس ئوخشايدۇ. يېنىغا
بېرىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ياق،
ئۇ شۇنچە بېرىلىپ مۇزاكىرە قىلىشىۋاتىدۇ،
پىكىرلىرىنى چاچماي، ئەتە چوقۇم بېرىپ
ئولتۇرىمەن. ئۇ نېمىنى مۇزاكىرە قىلىش-
ۋاتىدىغاندۇ؟ ئاسپىرانت بولماقچىمىدۇ؟
— قارالىڭ ئەخمەت، ئىككىمىز ئىمتىھان-
دىن ئۆتۈپتىمىز.
قاتتىق ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ قولىنى
چىڭ سىقتىم. ئۇنىڭ قوللىرىدىن كەلگەن
ئىسسىق ھارارەت پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا
تارالدى. يۈرەك، ئۆيدىكىلەر بىلەن خوش-
لىشىۋاتقاندا ئىككىمىز ئىككى خىل ھېس-
سىيات ئىسكەنجىسىدە قىينالدۇق...
راست، ئۇ قەيەرلىكتۇ؟ قايسى
فاكۇلتېت، قايسى سىنىپتا ئوقۇيدىغاندۇ؟
ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ئىككى قولى بىلەن
بېشىنى چىڭ قاماللىۋالغانىدى. قارىغاندا
ئۇ تازىمۇ چارچىغان ئوخشايدۇ. ۋاي
بىچارە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى
تۇتۇپ قويماقچى بولدۇم. ياق، ئۇ تازا
چارچىغان ۋاقتىدا دىققىتىنى بۇزۇپ
قويغانلىقىمدىن رەنجىپ كەتمىسۇن. ئەتە
چوقۇم بارىمەن، چوقۇم بارىمەن...
كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. نېمە
قىلىشىمنى بىلمەي ماتېرىياللىرىمنى
كۆتۈرگىنىمچە قىرائەتخانىدىن چىقىپ
كەتتىم.
كېچە چۈشۈمدە قىرائەتخانىغا كىرىپ
كېتىپ بارسام يولدا بىر جۈپ ئاياغ
تۇرغۇدەك. ئۇنى ئېلىپلا كىيىۋالغۇدەكمەن.
خۇشاللىقىمدا يەنە ئالدىراپلا قىرائەت-
خانىغا ماڭغۇدەكمەن. بىر چاغدا پۇتۇمغا
قارىغۇدەك بولسام ئايىغىمنىڭ بىر پېيى
يوق. ئىزدەپ بولالمايلا ئويغىنىپ كە-
تىم. ياتاقتىكى بالىلار ئاياغ كىيىپ
چۈش كۆرسە مۇھەببەت تۇتىدۇ، دەيتتى.
خۇدايىم دېگەندەك بولار. بىر پېيى
يوقىلىپ كېتىشىچۇ؟ چۈشۈمنىڭ تەبىرى-
سىگە ئۆرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن با-
لىلارغىمۇ ئېيتىپ بەرمىدىم.
قىرائەتخانىغا كىرگىنىمگە بىرەر سا-
ئەتتىن ئاشتى. ئۇ نېمە بولغاندۇ؟ ياكى
بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالغانمىدۇ؟
خۇدايىم ساقلا... كىرگىنىنى كۆرمەي
قالدىممۇ - يە؟ شۇنداق بولسا كۆزۈمنى
جازالىماي قويمايمەن.
قانداق ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەي-
مەن، ئۇ كىرىپ بولۇپتۇ، يېنىدا تېخى
دوستۇم سىراجىدىن ئولتۇرىدۇ. ئىككىسى
مۇھەببەتمىدۇ؟ ياق، سىراجىدىن ئۇنىڭ
يېنىدىكى ئورۇندۇقنىڭ بوش ئىكەنلى-
كىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋالغاندۇ؟ ئۇنداقتا
ئۇنىڭ سىراجىدىنغا كۈلۈپ ئولتۇرۇشچۇ؟
قارىغاندا ئۇلار تونۇش ئوخشايدۇ،
ئەمىسە سىراجىدىننىڭ قولى ئۇنىڭ ئو-
رۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىدە تۇرىدىغۇ؟

× ×

قىرائەتخانىغا قانچە كىرمەيمەن دەپ

قەسەم قىلغان بولسامۇ، لېكىن قانداق قىلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن.

ئۇلار قىرائەتخانىغا كىرىشتى. ئۇ بۈگۈن يەنە ئوتقاشتەك ۋىللىداپ تۇرىدىغان ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىۋاپتۇ.

ئۇ ئارقىسىدىن كىرىۋاتقان سىراجىدىنغا قارىغانىدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي بېشىمنى ئىتتىكلا جوزىغا قويۇپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇششاق ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچلار، يازغۇچىلار ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈشىنى مۇشۇنداق تەسۋىرلەيدىكىن؟

— قارا، بىزنىڭ فاكۇلتېتتىكى قىز، يېقىندىلا مۇھەببەتلەشتىم. تېخى سىڭلىمنى تونۇيدىكەن، ئىسمى رەيھان!

بىر ئاي ئىلگىرىكى سىراجىدىننىڭ خۇشال ھالەتلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتەتتى. پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى...

كۆزلىرىم يەنىلا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ نېمىشقا كۈلىدىكىنە؟ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى مېنى سارەڭ بولۇپ كەتسۇن دەۋاتامدىكىن؟ سىراجىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ تال - تال چاچلىرىنى قوللىرىغا يۆگەپ ئوينىغانمىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىللىق پۇراقنى ھىدلىغانمىدۇ؟ نەملىشىپ تۇرىدىغان ئاشۇ قىپقىزىل لەۋلىرىگە...

بولدى، مەنمۇ ئەتىلا بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ مۇشۇ جايدا مۇزاكىرە قىلمىسام.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەردە مۇمكىن بولسا غايە، ئۆگىنىش يولىدا بىرگە ياشىساق.

— بولىدۇ...

— بىز ... بىز سىزمۇ رەيھان، رەيھان...

ئۇ قىز بىردىنلا رەيھانغا ئۆزگىرىپ قالاتتى، تانسا ئوينىسامۇ، ئۇسسۇل ئوينىسامۇ ئۇ يەنىلا رەيھانغا ئۆزگىرىپ قالسا... ھا ... ھاي ... رەيھان...

— نېمە بولدىڭىز، قىرائەتخانا تەرتىپىنى بۇزۇپ.

دېمىسىمۇ قارىسام ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراپ قاپتۇ. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ماتېرىياللىرىمنى كۆتۈرگىنىمچە سىرتقا قاراپ ماڭدىم. ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، كەينىمگە قارىدىم. ئاھ... ئۇمۇ كەينىگە قايرىلغىنىچە ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلىدۇ، كۆزلىرىدىن ئىككى سىرىم ياش مەڭزىنى بويلاپ... ئاھ... دەلدەڭشىگىنىمچە سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم...

## شېئىر ۋە باھا

# «سۆيگۈ دۇنياسى»غا قايتا باھا

### قۇدرەت قۇربان

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992- يىل 1- سانىدا بېرىلگەن «شېئىر ۋە باھا» سەھىپىسى يېڭى، ئىخچام، ئاممىباپ ۋە يېتەكچىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مېنى ئىنتايىن سۆيۈندۈردى. مەزكۇر سەھىپە ئاپتور بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىلىك رول ئويناپ، ئاپتورنىڭ كىتابخانلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ھەم كىتابخانلارنىڭ ئاپتورغا قارىتا تەلىپىنى ئۆز ۋاقتىدا نامايان قىلىپ تۇرىدىغان جۇشقۇن مۇنبەرگە ئايلانغۇسى.

باھا سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ئابلەتجان ئىبراھىم، زامانىدىن پاكزات، ئەنۋەرجان ئابدۇرېھىملارنىڭ شېئىرلىرىغا قارىتا ئابدۇقادىر جالالىدىن، مۇختەر مەخسۇتلارنىڭ كونكرېت تەھلىل، يىغىنچاق پىكىر ۋە سالماق تەشەببۇسلىرى كىتابخانلارنىڭ مۇستەقىل ئىستېتىك بەھىرلىنىش تۇيغۇلىرى ئاساسىدىكى تەپەككۇرىنى ئويغىتىدۇ.

ئەپسۇسكى، غەيرەت ھوشۇرنىڭ «سۆيگۈ دۇنياسىدا» شېئىرىغا بېرىلگەن سىددىقھاجى روزىنىڭ «باھا» سى مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويدى.

«دۇنيانى ئىككىمىز قالغانتۇق ئۇنتۇپ، مۇھەببەت قامۇسى قالغاندا چاقناپ». شېئىرنىڭ دەسلەپكى مىسراسى شۇنداق باشلانغان. بېرىلگەن «باھا» دا، «بۇ مىسرادىكى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ‹قالغاندا› بىرىنچى مىسرادىكى ‹ئۇنتۇپ› نى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداقلا ئورۇن- ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىسى ‹دا›، شۇ مىسرادىكى ھەرىكەتنى ئۆتكەن زامان شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، مىسرا تۇتۇقلىشىپ، مۇجمەللىشىپ بىرىنچى مىسراغا مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىدا ھەم ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھازىرغىچە «شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسى چوقۇم ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى بولۇشى شەرت» دېيىلگىنى يوق. مۇئەييەن گرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق ھەم مۇزىكىلىق باغلىنىش ئاساسىدا ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى بىرىنچى مىسرادا كېلىشىمۇ، ئىككىنچى مىسرادا كېلىشىمۇ تامامەن مۇمكىن. يۇقىرىقى مىسرالاردىكى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئىككىنچى مىسرادىكى «قالغاندا چاقناپ» ئەمەس، بەلكى بىرىنچى مىسرادىكى «قالغانتۇق ئۇنتۇپ». بىرىنچى مىسرادىن «ئۇنتۇپ» نى، ئىككىنچى مىسرادىن «قالغاندا» نى پارچىلاپ تەھلىل قىلىشمۇ توغرا بولمىغان. چۈنكى بىرىنچى مىسرادىكى «قالغانتۇق ئۇنتۇپ»، ئىككىنچى مىسرادىكى «قالغاندا چاقناپ» قاتارلىقلار سۆز بىرىكمىلىرى بولۇپ، گرامماتىكىلىق تەھلىلدە ئۇلارنى پارچىلاشقا بولمايدۇ. كېلىش سۆز قوشۇمچىسى «دا» شۇ مىسرادىكى ھەرىكەتنى ئۆتكەن زامان شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە كەلسەك، شېئىر ئاپتورىنىڭ مەقسىتىمۇ دەل شۇندان قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى

www.uyghurkitap.com



شېئىرنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسىلا ئۆتكەن زامانغا تەۋە بولماستىن، بەلكى ئۈچ كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن بۇ شېئىرنىڭ دەسلەپكى ئىككى كۇپلېتى پۈتۈنلەي ئۆتكەن زامانغا تەئەللۇق جۇدالىق ئەسلىمىسى، ئاخىرقى كۇپلېتى ھازىرقى زامانغا تەئەللۇق ۋىسال شادلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇر تىلى گرامماتېكىسىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق كىتابخان سېزىۋالالايدۇ.

«قار باسقان مىنۇتلار بولسىمۇ بەك سوغ، جۈپ يۈرەك تەپتىدىن چىقاتتى ئاپتاپ». بۇ مىسرالار باھا ئاپتورىغا غەيرىي تۇيۇلغان. شېئىردا «قار باسقان تەبىئەت بولسىمۇ بەك سوغ» دېيىلسىلا بولاتتىمۇ؟ «باھا»دا «تەبىئەتنىڭ سوغۇق تەپتى (سوغۇق تەپتى دېيىش توغرا ئەمەس، تەپ-ئىسسىق بىلەن مەنىداش سۆز) شېئىردىكى مەنزىرىدە يارىتىلمىغان» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە شېئىردا دارىتىلماپ ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ماكان تەبىئىتى زامانغا سىڭدۈرۈپ شېئىردىكى جىلۋىدارلىق يارىتىلغان. كېيىنكى مىسرادىكى «جۈپ يۈرەك تەپتىدىن چىقاتتى ئاپتاپ» بىلەن سېلىشتۇرما زىتلىق ئىچىدىكى لىرىك ماسلىشىشچانلىق شەكىللەندۈرۈلگەن.

«باھا» دا «زىمىستان قىشتىكى كۆمۈشتەك قارلار» دېگەن مىسرا ئالدىنقى كۇپلېتتىكى «قار باسقان مىنۇتلار بولسىمۇ بەك سوغ» دېگەن مىسرانىڭ تەكرارلانمىسى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى تەكرارلىق «تېۋىنغان ھېسلارنى كەلمەكتە ساقلاپ» دېگەن كېيىنكى مىسرا بىلەن تەبىئىي بىرىكىپ كۈچەيتمە مەنىدىكى پىكىر يۆنىلىشىنى تولۇقلاپ داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدە قوللىنىلغان ھەم مەقسەتكە تامامەن يەتكەن.

«مەۋجۇتتۇر بۈگۈن كەچ ئوت كەتكەن تىنىق، شائىر بۇ مىسرادا نېمە دېمەكچى؟ ئوت كەتكەنىكەن، دېمەك بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى. بۇ جۈملە ‹بۈگۈن كەچ› بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؟ بۇ مىسرادىكى ‹مەۋجۇتتۇر› دېگەن سۆز ئورنىغا چۈشمىگەن» دېيىلىدۇ «باھا» دا.

ناھايىتى ئېنىقكى شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتى ئەسلىمىدىن رېئاللىق باسقۇچىغا كۆچكەن. شۇڭا بۇ كۇپلېتتىكى مىسرالار ئەلۋەتتە پۈتۈنلەي ھازىرقى زامان شەكلىدە كەلگەن. «ئوت كەتكەن» دېگەن سۆز «باھا» دا ئېيتىلغاندەك «جۈملە» ئەمەس، بەلكى جۈملە بۆلىكى. يەنى ئىسىم خەۋەردىن تۈزۈلۈپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن جۈملە بۆلىكى. ئۇ، «بۈگۈن كەچ» تىن ئىبارەت رەۋىشتىن تۈزۈلگەن ھالەت بىلەن ھالەت ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇ مىسرادىكى «مەۋجۇتتۇر» ئاتالغۇسى ۋەزىن ئېھتىياجىدىن مىسرانىڭ بېشىدا كەلگەن خەۋەر بولۇپ، بىر پۈتۈن جۈملىنى ھەرىكەتنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە ئەمەس، ھازىرقى زامان شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

«باھا» دا يەنە «‹سۆيگۈدىن تۇغۇلغان يېڭى دۇنيادىن› چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ‹دىن› ئىككى يەردە تەكرارلىنىپ، بۇ مىسرانىڭ شېئىر خۇسۇسىيىتىنى يوققا چىقىرىدۇ» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مىسرانىڭ داۋامى «تاڭ سەھەر باش ئېلىپ چىقتى بىر قۇياش» دېگەن كېيىنكى مىسرا بىلەن ھالقىسىمان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ تاماملىنىدۇ. بۇ ئىككى مىسرانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكەندە ئەلۋەتتە خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ.

مېنىڭچە شېئىردىكى ئاساسىي ئۇتۇق، ھەر قايسى مىسرا - كۇپلېتلاردىكى ئوبراز ھالقىلىرىنىڭ ھېمىزىر-ھېم تۇتىشىپ، كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇزۇنغىچە ئۆچمەيدىغان مۇستەھكەم شېئىرىي گەۋدىگە ئايلىنالىغانلىقىدا.

## يېڭى پىكىرگە كونا جاۋاب

### سىدىقھاجى روزى

قۇدرەتجان پىكرىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم.

«سۆيگۈ دۇنياسى» بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان. ھەر بىر شېئىرىي قۇر بىر كۇپلېت شېئىردا ئۆز ئالدىغا ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداق شېئىرلار شېئىر خۇسۇسىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىر كۇپلېت شېئىر تىنىش بەلگىلىرى گۇرۇپپىسىدىن (،،،) نى ئارتۇق ئالغان.

«سۆز بىرىكمىلىرىنى پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا گىراماتىكا مۇمكىنلىك بەرمىسە» لېكسىكولوگىيە، سىنتاكسىس، سىماسىئولوگىيە ۋە بوغۇم قاتارلىق ساھەلەردە تەھلىل قىلىشقا مۇمكىنلىك بار. سىز بىزنى بۇ ساھەدە چەكلەشكە قادىر بولسىڭىز، ئۇ ساھەدە چەكلەشكە قادىر ئەمەسسىز. پارچىلاشقا بولمايدىغىنى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، قايسىبىر شائىر تەرىپىدىن ياسالغان گۇمان قوزغايدىغان بىرىكمىلەر ئەمەس. ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا شېئىرنى گىراماتىكا، لېكسىكا ۋە باشقا ساھەلەردە تەكشۈرۈش شەكىل تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىشى، بۇ تەكشۈرۈش ئادەتتە بىرلىك بوغۇمدىن باشلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، پارچىلانمايدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى بولمايدۇ. «مەۋجۇتتۇر، بۈگۈن كەچ ئوت كەتكەن ئىدى» دېگەن قۇردىن جۈملە ھېسابىدا «ئوت كەتكەن» دېگەن ئاددىي جۈملىنى تاللىۋالدۇق. بىر پۈتۈن جۈملە بولغاچقا بىز بۇنى «جۈملە بۆلىكى» دەپ قارىمىدۇق. «بۈگۈن كەچ» تېخى تاماملانمىغان جەريان ياكى تېخى ئاخىرلاشمىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلىگۈچى رەۋىشتۇر. كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، سۈپەت پېئىلنىڭ پېئىل ئاساسىغا «كەن» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق خەۋەرلىك رول ئاتقۇرۇپ ئاددىي جۈملىنى ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلاندۇرىۋەتكەن. شۇڭا «مەۋجۇتتۇر» دېگەن سۆز ئورنىغا چۈشمىگەن دېگەنىدۇق. تۇراق - ۋەزىننى سۆز - سۆز بىرىكمىلىرى گەۋدىلەندۈرمەيدۇ. سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان بوغۇملار گەۋدىلەندۈرىدۇ. پەقەت شۇنداق ئەھۋالدىلا قاپىيە ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ. شېئىردا قوشۇمچىلاردىن، ئۇقۇملاردىن، ئىسىملاردىن تۈزۈلگەن، پۈتلىشىپ تۇرىدىغان «شۇدىگەر چاملىرى» كۆپ بولسىمۇ، «دىن» نى مىسالغا ئېلىپلا تۇراق - ۋەزىن جايىدا بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ «راۋان» دېگەنىدۇق. قىسقا يېزىش تەلەپ قىلىنغانلىقتىن تەپسىلىي باھالاشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. گىراماتىكا، لېكسىكىدىن

(داۋامى 69 - بەتتە)

## ئىزلىنىش، سىناق، پىشىلىق

# روھ پەسلى

ئەخمەتجان ئوسمان

## ئاشىق تىنچلىقى

كۆكسۈمنىڭ ئۈستىدىكى ئۇنىڭ بېشى
ئەينەكلەر ئارا قۇشلار ئاۋازى.
ئۇيقۇ ... ...
سەھەردەك گويا
قان تاشقىنىدىن چاچراپ چىققان قۇياشلار گويا.
تومۇرلاردا يۈرەكتە بوغا،
يا يار تۈگىمەس بىر مۇساپە پېشانىدىن سوزۇلغان،
شۇدەم رېتىملىق تىنغاندا جانان.
بەكمۇ يېقىن يۈرىكىمگە ئۇنىڭ قەلبى؛
كۆزلىرىمدە ئەكس ئېتەر كىرپىكلىرى؛
كۆرۈپ قالىمەن بىر توپ كەپتەرنى
ياكى
ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى...
كۆردۈم ھەمدە پارتلىشىنى زامانىنىڭ
ئەمچەكنىڭ نۇر ھالقىسىغا يېقىنلاشقاندا.

ئەي، رېتىم قىزى،
ئەي، باغرى تاش دادىللىق قىز،
ئەي، كۆزلەردىن سەكرىگەن شەھۋەت
گويا يىلپىزدەك
دېڭىز چۆپلىرىگە بولغانغان قۇياشتەك گويا.
ئامان بول، ئەي كات،
ئەي، ئەينەكلەر سانىدەك كۆپلىگەن بەدەن:
نۇر ئىچىدە ئۈزۈپ كەتكەن جىنايەت ئەينىكى،
ئالماستەك چاقماقسىمان كۆلكە ئەينىكى،
ھەم تاشلاردىن قان پارتلايدۇ ئەينەكتە.
ئەينەكلەرنىڭ تىنچلىقىغا ئاپىرىن،

ئاپرىن
بوسۇقلار سېھىرىدىكى تۈن تىنچلىقىغا!
كۆكسۈمنىڭ ئۈستىدىكى ئۈنىڭ بېشى
ئۈنىدىكى هەر باشاقتا ئۆرتىنىشىم.
كۈلنىڭ تاڭ شەپىقىنى قۇچقان ئۈيقۇ
گويا جانان هەر تەرەپتىن كېلەر ئالدىمغا.
نېمىدىگەن چاقنىغان ئۈنىڭ قولى
كۆكرىكىمدە شېرىن ياتقان شۇ كىچىك هايۋان.
شۇئان چۆش باغلىرىدا ئۈچۈپ يۈرگەن
ئەڭ يۈكسەك ئايلانمىلىق لەۋلىرىدە،
شولىسى تەبەسسۇمىنىڭ،
تەبەسسۇم تېگلى،
ئەسلىتەر ماڭا قۇشقاچنىڭ بەهرىمەنلىكىنى
قارىغاي دەرىخىدىكى ئۇۋىسىدا،
كېچىنىڭ ئەڭ يىراق بىر ۋاقتىدا،
باياشات شامالنىڭ كېلىش ۋاقتىدا،
كۆكسۈمنىڭ ئۈستىدىكى ئۈنىڭ بېشى مايىسلار پەيتى.

## خەير - خوش سايەم!

ئۆمرۈمنىڭ چۈش پەيتىدە،
هازىر،
بىخ قوڭغۇرا قىلىرى يېنىدا،
تۈنجى جەرەن تاشقاندا نۇردىن،
قىزىل گۈلنىڭ يېرىقلىرىدىكى قانىنىڭ ئاچا يولىدا ...
ئۈزاتىما قىتىمەن
يىلانىنىڭ ئالتۇن تىكەنلىرىدە قانغا بويالغان سايەمنى؛
ئۈ يىراقلاپ بارماقتا شۇدەم
ئاققان يۇلتۇز ئالدانىمىسىدىن قۇلۇپلانغان يوللار ئۈستىدە،
زۇلمەت قۇشى تىرناقلىرىدىن قېچىپ يۈرگەن،
ئادالقنى هۇۋلاشقىچە هالسىزلانغان بۆرىدەك،
قۇياش هېلىمۇ قاناپ تۇرغان،
دېڭىزلار تاجى بوران چىقارغان هاڭنىڭ ئىچىدە،

www.uyghurkitap.com



## شەبنەم سايەسى

ئويغانماقتا قەلبىمدە شەبنەم،
ئۇر بەرگىدە يۈكسەك سايەسى.
قوڭغۇراقلار ئۆرلەيدۇ قۇمەدىن،
سەدەپ ئىچرە كىشنەر مەي ئىپسى.
ئاي ... تامچە مەي،
كۆك ... قاراڭغۇ جام،
باشاقلارغا كۆمۈلگەن ساقى.
يۇلتۇزلارنى يىغلايدۇ ئاشىق،
ھىجران تىنى شەبنەمدە باقى.
كىرپىكلەردە تۈنىگەن يەلكەن
ياقار تەندە دېڭىز شامىنى.
تۈن كۆكسىدە تۈزلۈق جاراھەت
سۇنار كىمگە ۋىسال جامىنى؟
ئەي، ھىجرانكەش،
ئەي، قۇش چۇقانى،
قان ئەينىكى يۇتتۇرگەن چىھىر!
سەن ماياكنى ئازدۇرغان دولقۇن،
يەردە ئاتەش سەن يەردە مېھىر.
قاغىلارنىڭ ئۆركىشى يوتكەن،
سەندە زۇلمەت ئۆرتىنەر بىراق.
ۋۇجۇدۇڭدا قۇياش بىر زەررە،
سەن مەست دېڭىز،
كۈلىمىرىك قىرغاق...
چېچەك يېشى.
بۇلبۇل.
كۆيۈك باغ.
جان يولۇقسى ھۇۋلار قان تۈنى.
قوپار گۈرلە دەريا ئۈنىدە،
كۆرەر كارۋان چۈشلەر گۈلگۈنى.
توز تۇسىگە كىرەر سۈكۈنات،
ياپراقلارغا سىڭمەكتە ئارمان.
چېچەكلەردىن قان كەلگەن بۇدەم،
چۈشۈمەكتە شەبنەمدە ئاسمان.

## تەن

بارماقلىرىم تۇغار بارماقلار،
بارماقلاردا قورشايمەن سېنى.
ھۇجۇم قىلىپ قېنىمنى قېنىمغا،
ئىشغال قىلار ئەبەدىكتە مېنى.
كۆزۈك قولۇك قۇچىقىمنىڭ ئۈنۈك —
ئەبەدىك!...
ئۆزۈندا ئۆلگەن سايە، كۈن.
بەدىنىمگە لەۋگەر تاشلىغان
يەلكەنلەردىن ئىتقىپ چىقار تۈن.
سۈزۈك قەسىر كارۋات ئۆركىشى
پۈلاقلاردا يوقالغان ئالقۇن.
مەن ئۆلۈمدە تىرىلگەن ئۆلۈم
گويا شەبنەم ئۈستىدە يالقۇن.
ئىپىز دىقىقانىدا بىزدە مۇسايە،
ئاي تىتىرىشى چېقىملار گۈلدە.
ھاكىلىرىكىدىن ئۆرلىسە چۇقان
سۈبھى ياقار چۇقانىم كۈلدە.
ئوقيا يىمىدىن ئاقار ياراڭغا
ئۇر بېغىمغا ئۇرالغان دەريا.
ئۈنلەر شەھۋەت يۇلتۇزلار ئارا،
بىر قۇچاقتا سىغقانىدا دۇنيا.
ساڭا ماڭا بولغانىدى تۇپراق،
تېنىمىزدە لەيلەيدۇ دېڭىز.
ماڭدۇق قانىدا ئىزلار قالدۇرۇپ،
روھ پەسلىدە چېچەكلەيدۇ ئىز.

## ئاي ۋە بۇلاق

1

ئاسمانىدا ئاي سارغايغان شۇنچە...
بۇلاق قىتىدىكى ئاي،
پۈشتىلىرىنى يىغار چېچەكىنىڭ
ھاۋادا توزغان نەبى مۇردىسىدىن.

2

بۇلاق ئاستا ئويغىتىدۇ چىملارنى،
بىر رىۋايەت كەلدى ئېسىمگە:
كىرگەنىمىش ئاي تۈيغۇ بېغىغا،
قاپتۇ شۇدەم بوغۇزلانغان توزغا ئايلىنىپ.

3

ئاي شولىسى چىمىقلاندا كۆزۈمدە...
بۇلاقتا غايىپ بولۇپ كېچە يەلكىنى،
يۇلتۇزلارغا ئايلىنار تەنلەر،
گۈناھ — باپىرامغا.

4

ئاي يۈيىدۇ نۇرىدا بۇلاق ئېسىمنى.
بۇلاق — تۈنىنىڭ يۈكسەك ئىلىردىن ئۆر-
كەشلىگەن ئاي.

# مۇڭلانغان چۇقان

تەنها

تۆردىلىدۇ ئاسمان كەبى سىرلىق بىر تىۋىش،
توپچا گۈلگە كۆڭۈل بەرگەن سۈكۈناتىدا.
قىر، دالادا ئۆچمەي تۇرۇپ سەبىي باللىق،
قەدىم ئۈدۈم ئاداش بوپتۇ سەلكىن ئىزىمغا.

چىملىقتىكى توپچا گۈلدەك ھەسرەتلىك نىدا،
ئەسلىمەمدە پىچىرلاتتى يۈتكەن ۋىسالنى.
قەلبىمدىكى ماڭا يېقىن مەۋھۇم ئورنۇڭدا،
جان ئامرىقىم ئىلاھ قىلدىڭ شېرىن ھېسلارنى،
ياشلىرىڭنى كۆرۈپ قالدىم گۈللەر بەرگىدە.
چۆنكىمىدە چېچەكلىمەي تۇرۇپ ئاق ناۋات،
ئۆكچىلەرگە قىلىپ قويدۇڭ نېچۈن مېنى زار؟
ناخشام ئەگىپ ئۇچۇپ كەتتى تۇمۇزنى يېرىپ،
ئەجەب مۇڭلۇق كۆي تولدۇرۇپ سەھرا يولىغا.
جىمجىت گۈگۈم ئىچرە تېپىپ ئالغىن مۇڭۇمنى،
ئاداققى رەت قۇياش نۇرى يانغان يولىڭدا!

ساھىلى گۈل - غۇنچە ئۆزرە زۇمرەت ئېقىنلار،
ئۆلگىدۇر گۈزەللىكنىڭ كۈيلەر جىلۋىسى.
سېزىپ قالدىم كېپىنەكتەك ئالۋۇن ۋىسالىدىن،
خارابلاشقان يېڭى - يېڭى تەشۋىشلىك شوكرى.

روجەكلەرگە تەلمۈرىمەن، تەنها شېرىپمەن،
پەلكي يەنە ئارمانلارغا بولدۇم باياشات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شامالىلاردىن سالام دەيمەن يارقىن چېچىمغا،
چاقناپ تۇرسۇن شەپقىدە بۈيۈك ئېتىقادا.

قاچانلاردىن قەلبىمگىلا مەھبۇس لىرىكام؟...
زېرىكىشلەر زۇلمىتىگە چۈشكەندە تۇرۇق —
نېچۈن يەنە پىنھانلىقتا قايتتى مۇزىكام؟
تەلمۈرۈشلەر ئەمىنلىكى تاپقاندا كۆڭلۈم.

ئاي دالانى قاپلىغاندا چەكسىز ئاق مانان،
تەبەسسۇمىڭ زاھىر بولار ئۇندا شۇنچە سۇس،
تەبەسسۇمىڭ ئىچرە مەنلا يورۇيمەن تەنھا،
تەبەسسۇمىڭ لەۋلىرىدە قېتىپ قالغان مۇز.
ھىجىتلىقتا تولۇپ كەتتى پىچىرلاشلىرىم،
گۈللەر ھىدى سىڭگىنىچە ھەر تىنىقىمغا.
نېچۈن لەرزان خىيالىڭدىن سەزدىم ئېسەدەش،
مېنىڭ شېرىن پىچىرلىشىم تولسا دۇنياغا؟!

غۇنچە رەققاس، گىرەلىشەر ناخشىنىڭ مەۋجى،
ئەندىشىلىك پىنھان ئۈمىد ناخشىغا مەلەك.
ھىجران ھەمدە خاتىرجەملىك كۆرۈشەر جىمجىت،
مەيۇس ئاينى سېغىنغانچە قۇياشمۇ ھەلەك.

# ئىككى شېئىر

## خالمۇرات ئازات

### كېلىمەن، غەرق مەست بولۇپ

ئۇخلا، ئۇخلا، تېخى بەك ئەتىگەن،
بۇزۇلمىسۇن چۈشلۈك ئۇيقۇڭ
مېنى چىللاپ كەپتۇ ئامرىقىم،
ئەمدى ئارام بەرمەيدۇ تۇيغۇم.

سېنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتتىم،
ئويغانغاندا كۆڭلۈڭنى بۇزما
مېنى ئىزدەپ دالا كەزمىگىن،
ۋە تىللاپمۇ يورمە قارىلاپ.
ئېيتىپ يېنىك خورەك ناخشىسى،
بۇ تۈشەكتە مېنى ساقلىغىن.
سېنى ئىزدەپ ئۆزۈم كېلىمەن،
غەرق مەست بولۇپ،
قۇياش تۇتقان گۈلگۈن شارابىتىن.

### ئەمدى

ساڭا بەخت تىلىمەيدىم،
سەنمۇ ماڭا بەخت تىلىمە.
ئەمدى،
ئىككىمىز ئۈچۈن،
بەخت دېگەن ئەمەس ھېچنېمە،

# بەخت تىلەيمەن

**ئابدۇقادىر ھەمىت**

قەلبىمدە ياشنىتىپ سۆيگۈ باھارى،
قايتىدىن گۈل قىلىپ ياراتتى سېنى.
بۇ گۈلنىڭ ياشنىشىغا سەۋەبكار تۇرۇپ،
قەلبىمدىن توزۇتماق ئىستىدىڭ ئۇنى.

بىراق مەن يىگانە قالغان شۇ گۈلنى،
سولدۇرماي ساقلايمەن قەلبىمدە ئەبەت.
ئازابىم دولقۇنى تۇرسىمۇ ئۆرتەپ،
مەن ساڭا چىن بەخت تىلەيمەن پەقەت.

# كۆڭۈل گەردىشى

**ئابدۇقادىر جالالىدىن**

1

كۆرۈنمەيدۇ پاچاقلانغان تاش ھەيكەلنىڭ كۆكرىكى،
بىراق، ھەيكەل ئاشۇ تاپتا ئەمەس ھەرگىز يۈرەكسىز:
ئاخشام مەزمۇت تۇرار ئىدى سولغۇن ياپراق ئىچىدە،
نېمىشقىدۇر غايىب بوپتۇ يۈرەك قىسمى دېرەكسىز.

تاپالمىدىم ئىزدەپ ئۇنى قاناتلىقلار سېپىدىن،
(يۈرەك قۇشقا ئوخشىمايدۇ، قاناتسىزمۇ ئۇچىدۇ)
روھ پەرۋازى خىيالدەك كەڭ بىر دۇنيانى قۇچىدۇ،
يۈرەك قۇشقا ئوخشىمايدۇ، قاناتسىزمۇ ئۇچىدۇ.

يۈرەك ۋاقىت بوشلۇقىنى يىرتالماستىن ئاۋارە،
چاقچاق قىلىپ يۈرەكلەرنى قاتۇرمىغىن تاش قىلىپ.
ھەيكەللەرنىڭ خۇداسىنى ھەيكەل قىلىپ قاتۇرساڭ،
مۇسسي ① چوقۇم جازالايدۇ ھۈنىرىڭنى پاش قىلىپ.

2

تېخى ئۇچۇپ كەتمەپتىغۇ شامال ھىدى لېۋىڭدىن،
ئايىغىڭدا پارقىرايدۇ، مۇھەببەتنىڭ قىياسى.
تىنىقىڭدىن پاكلانماقتا ئېسىمدىكى غازاڭلار،
ئەسلىمەمنى كۆيدۈرمەكتە غازاڭلارنىڭ جۇلاسى.

بىخلانماقتا تاش ئۈستىدە قالغان ئاپئاق ئاي نۇرى،
سەن دەسسىگەن تاش ئۈستىگە بىر قۇش قوندى ھالسىراپ.

---

① مۇسسي — سەنئەت ئىلاھى.

قاياقتىندۇر كۆللەر توزۇپ يېپىلغاندا دالاغا،
ئاي نۇرىنىڭ چېچەكلىرى جىلۋىلىنەر يالتىراپ.

3

ئىرىدىكلىكتە زەئىپ جىسمىم يالماپ يۈتتى روھىمنى،
چىغ قويىنىسى- غىلاپ قىلىپ ياتتى نۇرىنىڭ يېگىنىسى.
ئۆلگىنىمدە جىسمىم ئېرىپ كەتتى روھىم مەۋجىدىن،
سۆڭىكىمدىن تېپىلماقتا ئەزرائىلنىڭ چانىسى.

ئۇچار قەبرە قانىتىدىن ياڭرار سائەت ساداسى،
چاقنار ئۇيقۇ ياپرىقىدا كۆيۈپ پۈتكەن نامىلەر.
تۆكۈلمەكتە ساغۇچ شامال قۇچىقىدا ئېسىمگە،
ئىتتىرەپ تۇرغان غەم ئانارى لېۋىدىكى دانىلەر.

سەرسان قۇشلار سايىسىدىن تاپتىم ئەزىز سايىۋەن،
چىقالمىدىم ئىنىپ قالغان ھەسرىتىدىن بۇلۇتنىڭ.
قاراپ باقسام ئاۋاق ئۆلۈم بولۇپ قاپتۇ ئەككى قات،
بىر تۇخۇم بار قانىتىدا بەزگەك بولغان ئۇپۇقنىڭ.

4

تەبەسسۇمنىڭ سېھرى ماڭا گۈلى نەركەس كۆرۈندى،
ئىنىقلىرىم قاردەك لەيلەپ ئىزدەر ئۇنى زاۋالدىن.
مۇھەببەتنىڭ كەرەشمىسى زىلال سۇدا يۇيۇندى،
تۈنلەر ئىچرە بىدار بولۇپ ئېرىدۋالدىم شامالدىن.

دېرىزەمدىن غايىب بوپتۇ شەجەرىسى تۇمانىنىڭ،
قاقشال بولۇپ قالدى ئاسمان توزۇپ يۇلتۇز گۈللىرى.
بىر قۇش بولۇپ ئۇچتى چۈشۈم ئەينىكىدە تۇرغان تاش،
پەرۋازىدىن كېسىلمەكتە مويدۇگزىنىڭ يوللىرى.

تەبەسسۇمنىڭ چۆكتى تەقدىر دولقۇنلىرى ئاستىدا،
خىيالىمدا بۇژغۇنلارنىڭ كۈلكەك مىسلى جۇلاسى.
نەمەلەپ ئۆتتى زەررەڭ ئاينىڭ كىرپىكىنى بىر ناخشا،
نەمەلەندى ھەم بۇ ھاياتنىڭ زېرىكىشلىك ساماسى.

5

يېتىم بوۋاق ئويناپ يۈرەر يورۇق ئاپئاق سارايدا،
ئالقىنىدىن يېشىل مەرمەر غايىب بولدى قاياققا؟
سۆسۈن رەڭلىك باغ ئىچىدە قۇشلار بەزمە قۇرغان چاغ،
بوسۇغىدىن چىقىپ بوۋاق يېقىنلىدى بۇلاققا.

شوخ ئاۋازدا چايقىلىدۇ مەرمەر ھۆسنى بۇلاقتا،
جىمجىتلىقتا ئايلىنىدۇ كۆلەڭگۈلەر يىرتىلىپ.
توۋلار ئانا يېشىللىقنىڭ قۇچىقىدا يىراقتا،
كەتتى بوۋاق يېشىل شولا قايىنىمىغا ئىنتىلىپ.

(بىشى 61 - بەتتە) .

دەرس ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتۇق. شۇڭا سىزمۇ قىسقا يازغانلىقىمىزنى نەزەرگە ئالماپسىز.

خەۋەر «مەۋجۇتتۇر» نىڭ ئورنىغا چۈشمىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدىغان بىرلا سىزنى ئەمەس، بىر پۈتۈن شېئىرىيەتنىڭ شەكلى ئەنئەنىسىنى رەنجىتكەن بولىمىز. ھازىر يېزىلىۋاتقان شېئىرلارنىڭ 95 پىرسەنتى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يېزىلماقتا. ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شېئىرىي مەنزىرە ياراتقان بولسا بىز ئۇنى شېئىر دەپ ئوقۇدۇق. گرامماتىكىلىق، لېكسىكىلىق مەنىلەرنىلا كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا بىز ئۇنى شېئىر دەپ تونۇمىدۇق. بىز شېئىرنى تېخنىكىلىق ھادىسە ئەمەس، ئەزەلدىن ھېسسىيات ھادىسىسى دەپ قاراپ كەلدۇق، قىسقا يېزىشقا ۋەدە بەرگەنتىم، باشقا پىكىرلىرىڭىز جاۋابسىز قالدى. ئىككىمىز مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرەيلۇق. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ، سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنى بار. بولۇپمۇ ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنى مۇتلەق. نېمە ئۈچۈن شېئىرلاردا خەۋەر بېشىدا، ئىگە ئاخىرىدا كېلىدۇ؟ يەنە نېمىشقا گرامماتىكا ... ئىستىلىستىكا يۈزىسىدىن يول قويىدۇ؟ ئاڭلىشىمىزچە بۇ خىل ئادەت پارس تىلىدىن كىرگەنىكەن، بۇ خىل ئادەت شېئىرىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ياكى كەمچىلىكىمۇ؟

سىز، شېئىرنى تېخنىكىلىق يېزىش بىلەن ھېسسىياتلىق يېزىشنىڭ پەرقىنى ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟

ئىجادىيىتىڭىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

# «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ھەققىدە تەھلىل

## ئەخمەتجان ئوسمان

1. تېكىستنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

مەن بۇ يەردە تېكىستنى تولۇق كۆچۈرۈپ ئولتۇرمايدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى كىتابخاننىڭ سەمىگە سالىمەن:

«مېھرىدىن تاشقىرىمۇ سەزگۈ بەرگەن ۋەتەن مېنىڭ يۈرىكىمگە سۆيگۈ ئورناتتى».

2. تېكىستكە دىئاگنوز:

تېكىستنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدىن بۇ شېئىرنىڭ ئاددىي بىر بايانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىراق، تېكىستنىڭ كىشىلەر نەزەرىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يىرىك ئەسەر ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دىئاگنوز بىزگە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر.

3. تېكىستنىڭ فىزىئولوگىك قۇرۇلمىسى:

تېكىست سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان ئىككى كۇپلېت شېئىر. بىرىنچى كۇپلېتى «قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ»... دېگەنگە ئوخشاش مەنتىقىلىق يەكۈنلەردىن ئىبارەت. ئىككىنچى كۇپلېت بۇ يەكۈنلەردىن ئازراق ھالقىغان ئىستېتىك بايان. تېكىست ئىككى چوڭ ئېلېمېنتنى مەركەز قىلغان ھالدا ئايلىنىدۇ، بۇ ئىككى ئېلېمېنت: ۋەتەن، شائىر.

تېكىستنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى قۇرۇلمىنىڭ فىزىئولوگىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئارتۇقچە ئورگانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ۋە لېكىن» دېگەن سۆز تۈركۈمى تېكىستتە ھېچقانداق رول ئوينىمايدۇ، پەقەتلا، بىرىنچى كۇپلېتتەك ئارتۇقچە ئورگاننى ئىككىنچى كۇپلېتقا باغلاپ تۇرىدىغان زورمۇ-زور قورۇق ۋاسىتە.

4. تېكىستنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى:

تېكىستنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئومۇمەن ئىستىلىستىكا ئىگىلىگەن. بۇ يەردە مەن تېكىستتىكى ھەربىر مىسرانى بۇ مۇددىئا بويىچە رەتلەپ چىقىمەن.

«قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ»: (قەدەھتەك)، ئوخشىتىش، ھەجىم.

«ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ»: (دەريا كەبى)، ئوخشىتىش ھەجىم.

«مېھرىڭدىن تاشقىرىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ»: (تاشقىرىمۇ)، مۇبالىغە، بۇ يەردىكى «مۇ» قوشۇمچىسى «ھەتتاكى» دېگەن مەنىدە. «مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ...»: بىۋاستە

ئوخشىتىش. «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» : (ئالەمچە)، ئوخشىتىش، ھەجىم. يۇقىرىدىكى ئىزمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شائىرنىڭ ھېسسىياتى شەيئىلەرنىڭ پوستى بىلەن لاچەكلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە شۇڭغۇپ كىرەلمىگەن. «ئېرىقتا دەريا كەبى ئاقالمايدىغان» دەك ئەھمىيەتسىز ئاددىي مەنتىقە (توغرىسىنى ئېيتقاندا رېئاللىق) قىل سىغماس ھەقىقەتكە ئايلىنىپ، شائىردىكى تاشتا سەزگۈ بولىدىغان بۇ ئىستېتىك ھەقىقەت مۇبالىغىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. ھېسسىياتنىڭ تۈگىمەس بۇلىقى بولغان يۈرەك پەقەت ئالمىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ھەجمى ۋە رەڭگىدىن باشقا بۇ جۈملىدە ھېچنېمە ئىپادىلىيەلمەيدىغان گادايى سۆز ئارقىلىق سۈپەتلەنگەن. ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ ئاتەشكە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆلۈمدە ھاياتلىق ئىزدىگەن پەرۋانە شائىر ئۈچۈن قەدەھكە بىپايان شاراب سىغقانلىقى، ئېرىقتا ئالەمشۇمۇل كەلكۈن ئاققانلىقى كۆرۈلمىگەنمىدۇر؟!

شائىرنى مەپتۇن قىلغان سۆيۈملۈك ۋەتەن ئۆرتىشىدە، ھېسسىياتسىز كىشىلەرنىڭ «قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ»، «ئېرىقتا دەريا كەبى سۇ ئاقالمايدۇ» دېگەندەك ئەھمىيەتسىز ھەقىقەتلىرىنى زىكىر قىلىپ ئولتۇرۇش، مېنىڭچە، شائىردىكى چىنلىق بولمىسا كېرەك! مانا بۇ، تېكىستنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنى ئارتۇقچە ئۇرغان دېيىشىمنىڭ سەۋەبى.

شائىر ئۈچۈن ۋەتەنلا ئەمەس، تەبىئەتتىكى ھەر شەيئى باشقا دۇنيادۇر.

5. تېكىستنىڭ سىمانتىك بوشلۇقى:

يۇقىرىدا، تېكىست ۋەتەن ۋە مەندىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتنى مەركەز قىلغان ھالدا ئايلىنىدۇ دېگەن ئىدىم، ھازىر تېكىستتىكى ۋەتەننىڭ سەۋىيىلىرى ۋە ئۇنىڭ «مەن» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىمەن.

ئا — ۋەتەن // زېمىن

تېما: ۋەتەنپەرۋەرلىك، شائىر بىلەن ۋەتەن مۇناسىۋىتى: ساداقەتمەنلىك (يۈرەككە سۆيگۈ ئورناتتىمىك)، قۇربانلىق (مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ).

ب — ۋەتەن // مەھبۇبە

تېما: كىشىلىك مۇھەببەت، شائىر بىلەن مەھبۇبە مۇناسىۋىتى: بىر-بىرىنى يارىتىش (مېھرىڭدىن تاشقىنۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ، دېمەك، سەن ماڭا سەزگۈ بەردىڭ، مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ بولدۇم، سېنى سەزدىم، سەن ئارقىلىق تاش مېنى سەزدى).

س — ۋەتەن // شائىرنىڭ ئىستېتىك دۇنياسى

تېما: پەلسەپىۋى تەپەككۇر، شائىر بىلەن ئۆز ئىستېتىك دۇنياسى مۇناسىۋىتى: تەقدىرلىنىش (مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، دېمەك، سەن مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم، ئىنسانىي جەۋھىرىم).

# يازغۇچى، ئەسەر ۋە كىتابخان

ئەلى ئابلىمىت

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى چۈشىنىش تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، يۈزەكىلىكتىن مۇكەممەللىككە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە يازغۇچى ۋە كىتابخانلارنى تەھلىل قىلىپ ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم.

يازغۇچى، ئەسەر، كىتابخاندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئورگاننىڭ تەركىبىنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي تەربىيىلىنىشى، قانداق قىلىپ سىستېما نەزەرىيىسىدە بەلگىلىك ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرگەنلىكى، يازغۇچىنىڭ پائالىيەت زېمىنى ۋە ئىجادىيەت جەريانى ئۈستىدە توختىلىش زۆرۈر.

ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئەسەردە يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن دۇنيا قارىشى ئوبراز ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەسىلەن: سوۋېت يازغۇچىسى ۋ. گ. راسپوتىننىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى بىلەن سۇغۇرۇلغان «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» ناملىق ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى تەسۋىرلىنىۋاتقان تىپىك پېرسوناژ ئاندرېنىڭ ھايات بىلەن مامات يولىدىكى ئېلىشىشىدا، شۇنىڭدەك كەمكۈتىسىز تەسىرلىك بىر ئايال ئوبراز ناستيونانىڭ ئېيش - پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنىيىتىگە دائىر ھەر خىل بىلىملەرنى توپلاش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا ئىستېتىك زوقلىنىش، كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ھەمدە ئىپادىلەش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالايلۇق، «يۈز يىل يېرىملىق» روماننىڭ ئاپتورى گارسىيە ماركوس يەتتە يېشىدا «مىڭبىر كېچە» نى، 17 يېشىدا كافكانىڭ «شەكىل ئۆزگىرىش خاتىرىسى» نى ئوقۇپ چىققان. بۇ ئەسەرلەر ئۇنى قاتتىق مەپتۇن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا فولكنېر قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئاڭ ئېقىمى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ھەمدە بېرىتون، ئېلۇئارت قاتارلىقلارنىڭ ھالقىما رېئاللىزملىق شېئىرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. يۇقىرىقى ئەسەرلەر گارسىيە ماركوسنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈستىدە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىنى، ئىستېتىك زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىمى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغان.

ئاپتور تۇرمۇشتىن ئالغان ئايرىم تەسىراتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئۆزگەر-

تىپ، ئۇنى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇپ تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ ماھىيىتى ۋە قىممى-
تىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان پىكىر سىجىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇبالىغە، سىم-
ۋول قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر
ئارقىلىق غەلىتە پېرسوناژ، غەلىتە سيۇژېت، غەلىتە مۇھىت يارىتىپ، ھېسسىيات
بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلەشكەنلىكىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن
ئەسەر رېئاللىقنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى سۈپىتىدە ئەپسانىۋى تۈس ئالغان.

يازغۇچىلار نوقۇل ئەدەبىيات-سەنئەت بىلىملىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قال-
ماي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئېتىكا، پسىخولوگىيە، سوتسىولوگىيە،
ئىنگلىكشۇناسلىق، دىن ھەتتا ئىلاھىيەتشۇناسلىق ... قاتارلىق ئىلىملەرنى كەڭ ۋە
چوڭقۇر ئۆگەنگەن، ئۆز-ئۆزىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەربىيىلىگەن بولۇشى كېرەك.
«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا ئايتماتوۋنىڭ ئەدەبىيات-سەن-
ئەتتىكى بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ موللۇقى ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق،
تارىخشۇناسلىق، پەلسەپە، دىن قاتارلىق ئىلىملەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ
مۇكەممەل، پۇختا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يازغۇچىلارنىڭ پائالىيەت زېمىنى چەكسىزلىككە ئىگە.

يازغۇچى ئىجادىيىتى قانۇنىيەتسىز قانۇنىيەتلىك پائالىيەت بولۇپ، بۇ
پائالىيەت جەريانىدا يازغۇچىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆز روھىنىڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان خاس ئۇسۇل (شەكىل) ئىزدەش.

يازغۇچى بىلەن كىتابخاننى تۇتاشتۇرىدىغان ۋاسىتە ئەسەر. لېكىن كىتاب-
خان ھەرگىزمۇ تەييارغا ھەييار كىشى بولماسلىقى كېرەك، كىتابخان ئەسەرنى قايتا
ئىجاد قىلغۇچى، يۈرەك قېنىنى ئايىماي سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ھەم ئەسلى-
يازغۇچىدىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان يوشۇرۇن يازغۇچى.

يازغۇچى بىلەن كىتابخان ئوخشاش بىر دەۋرنىڭ ئادەملىرى بولۇشىمۇ ياكى
ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دەۋر چېگرىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە زامان پەرقى
مەۋجۇت. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ماكان پەرقىمۇ بار. يازغۇچى بىلەن كىتابخان
ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، رايون، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى تۇرمۇش شارائى-
تىغا، قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. يەنى ئۇلار مىللەت، ياش، جىنس،
پسىخىك ۋە بىلىم قۇرۇلما جەھەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ
ئىچكى تىلىدا مەلۇم ئورتاقلىق بولغاچقا، بۇ خىل چەك-چېگرىلارنىڭ پەرقى
ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىپ تاشلىنىدىغان بولىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىلارلا
بولۇپ، بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىدىغان كىتابخان بولمىسا بەدىئىي ئەسەر-
لەرنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇتلۇق قىممىتى بولمايدۇ. كىتابخانلارنى يازغۇچى نەزە-
رىدىكى غايىبىي كىتابخان ۋە يازغۇچى زادى ئويلاپ باقمىغان رېئال كىتابخان
دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

غايىبىي كىتابخان ھەر بىر دەۋردە كەمدىن-كەم تېپىلىدۇ، ھەتتا تېپىل-
ماي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

رېئال كىتابخانىلار بولسا، كۆرمەڭلاپ ئۇچرايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ئەنە شۇلار تەشكىل قىلىدۇ.

ھەر بىر پارچە ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە ئورنى تۇراقسىز بولىدۇ، يەنى دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، كىتابخانىلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ ئورنى ۋە قىممىتىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

كىتابخان قوبۇل قىلىش جەريانىدا يازغۇچىلار بايقىۋالالمىغان نەرسىلەرنى بايقايدۇ. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ، ئەسەرنى قايتا ئىجاد قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق يازغۇچىلارنىمۇ قايتا دۇنياغا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك غايىسى بويىچە بەلگىلەنمەستىن، بەلكى كىتابخاننىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، يازغۇچىدىن ئەسەرگىچە، ئەسەردىن كىتابخانغىچە بولغان جەريان — ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر نادىر ئەسەر تېخى پۈتمىگەن، يېزىلىۋاتقان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

## «مەسھە چۆلى» ھەققىدە

### مۇختەر مەخسۇت

مەن لەززەتلىنىشنى ياكى نەپرەتلىنىشنى بىلمىدىم، بەلكىم ھەر ئىككى خىل تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمدا تەڭ قۇتراۋاتقاندۇ ...

قاچاندىن ۋە نېمە سەۋەبتىن ھېكايە، پوۋېست دېگەنلەرگە ئىشتىياق بىلەن بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېنىق ئىدراك قىلىپ بېرەلمەيمەن. تالاي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ يېرىم مۇساپىسىدىلا جانسىز بارماقلىرىم ئارىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۇيقۇلۇق كىرپىكلىرىم بىلەن خوشلاشقاندا، زوقلىنىش ھەۋەسلىرىم بىلەن تەڭ ئۆلۈپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. جەريان، جەريان ... ئاجايىپ ئۇزۇن جەريانلاردا خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن ۋەقەلىكلەرنى توقۇپ چىقىۋاتقان مۇردىلارنىڭ لەيلەپ تۇرغان كۆلەڭگىسىنى ئاخىرى ھارغىنلىقتىن چىڭقىلىپ كەتكەن چوڭ مېڭەمنىڭ ھۇجەيرىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشاتتىم. بۇ ئەسەرلەردىكى ئادەملەر گاھىلىرى باشسىز، گاھىلىرىنىڭ يۈرىكى كولدۇرلىغان، گاھىلىرىنىڭ قاندىقتۇر بىر ئەزاسى كەمدەك ئىدى. ئۇلار ئۆز ئىدرىكى ۋە ھېسسىياتىدىن سىرتقى بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى، يىغىسى، مۇھەببىتى ۋە نەپرىتى مەۋجۇت ئادەملىكىدىن ھەقىقىي خاراكتېرىدىن يىراقلاپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇستا ۋەقەشۇناسنىڭ ماھىر ئاكتيورلىرىلا ئىدى. مەن خىيال قىلىچلىرىمدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، مېڭە قاپقىقىنى ئېچىپ كۆردۈم. ئەيھەنناس! ئۇ ئەسلى بىر قاپاق ئىدى.

قاپاقنىڭ ئىچى چەكسىز چۆل، ھەقىقىي ئۆلگەن چۆل ئىدى، سوغۇق قىزىم باسقان چۆل ئىدى!

مەن دەۋەت ۋە زورۇقۇش ئىچىدە «مەسەھ چۆلى» گە ئاستا قەدەم تاشلىدىم. چۆل ئەسلىدە تولىمۇ مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇ قانىسىرىغان، لۆمشۈۋاتقان، دەۋرەۋاتقان، تىلسىز نەرە تارتىۋاتقان، ھېكمەت ۋە سىرلارغا تولغان، يىرگىنىشلىك ھەم سۆيۈملۈك چۆل ئىدى. ئۇ چۆللۈكتە ئىككى جاننى ئۇچراتتىم. ئۇلار ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ، ماڭا بارغانسېرى چوڭىيىپ كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن توختاۋسىز ئېقىپ كىرىپ كېتىۋاتقان شارابنىڭ قايتىپ چىققان كۈچلۈك ھىدى ئىنتىلىۋاتقان، سوزۇلۇۋاتقان، چىڭىۋاتقان تۇيغۇلىرىمنى قاپساپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاجايىپ تۇيغۇ ۋە سەزگۈزەشتىلەرنى ئۆزىدە يوشۇرغان بىر كۈچلۈك ھىد ئىككى لەۋ ئارىسىدىن، بىرى — تەشنالىق ۋە چاڭقاقلىقتىن چاك - چاك بولغان، ئەمما ھەقىقىي تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىشنى لاك ئاستىغا يوشۇرغان لەۋدىن؛ يەنە بىرى — يۇمران، تەلۋە، سەبى، ئەمما ئازاب قوقاسلىرىدا داغلانغان ھەم داغلىنىۋاتقان لەۋدىن كېلىۋاتاتتى.

مۇئەممانىڭ سېھىرلىك كۈچى مەھلىيالىقنى ئوۋلاپ قاچتى. مەن مەستخۇشلۇق ئىلكىدە بۇ ئىككى جاننىڭ روھىي ئالەمىنى دەخلىسىز سەيلى قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

بۇ ئالەم شادلىق ۋە ئازاب، ئىنتىلىش ۋە تېڭىرقاش، چىنلىق ۋە ساختىلىق، نازاكەت ۋە تەلۋىلىك گىرەلىشىپ كەتكەن ھەقىقىي ئايال ۋە ئەرلىككە خاس مۇھەببەت ئالەمى ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنى يەنە پەقەت مۇھەببەتلا ئوراپ تۇراتتى ......

مەن چۈش بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىزدەۋاتقان دەردمەن، تەنها يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىن ھالقىغان سەزگۈرلۈكى بىلەن ئاياللار دۇنياسىغا بولغان چوڭقۇر، ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە بايقىشىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ئىچ - باغرىنى داددىل، ھاياسىز ھالدا تامامەن ئېچىپ تاشلىغانىدى. خۇددى تېرىسىنى قاتمۇ - قات سويۇپ تاشلىغاندەك، ئىنسان رېئاللىقىنىڭ ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ خاراكتېرى ئۇنىڭ پاجىئە ھېسابلانمايدىغان كەچۈرمىشى، ئەمما پاجىئەدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان يۈگەنسىز، شېرىن قىرتاق خىياللىرىدا، روھىيىتىنىڭ مەۋھۇم كوچىلىرىدا گاھ ئۈمىدتە، گاھ نائۈمىدتە ۋىسالسىز ۋىسال، ئارامسىز ئاراملىق ئىزدەپ يۈرۈشلىرىدە ھەقىقىي سىما تىكلىگەندەك قىلاتتى ...

مەن «ناباپ» ئىككى لەۋ، ئىككى تەننىڭ تېپىلمەس جۈپلىشىشى، كىرىشىشىدىن سەل قورۇنغاندەك ھېس قىلدىم. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بىرسى «ئۆلۈك» «سەزگۈسىز» لەۋ ۋە تەن ئىدى. بەلكىم بۇ، ئىككى جاننىڭ ئەڭ سەلتەنەتلىك بەخت تەنتەنىسىدۇر. دەل بىرىنىڭ تىرىك، بىرىنىڭ «ئۆلۈك» بولۇشى، بۇ بەخت تەنتەنىسىنىڭ ئاساسى. مۇبادا ھەر ئىككىلا جان تىرىك بولسا ئىدى، بۇ بەختلىك دەقىقە شۇ ھامان ۋە مەڭگۈ يوقلۇققا ئايلانغان بولاتتى. بۇ «شېرىن پاجىئە»

يۈز بەرمىگەن بولاتتى. مانا بۇ ئەسەردىكى رېئاللىق، ئىنسانىي چىنلىق.

گاھىدا رېئاللىق شۇنداق رەھىمسىز كېلىدۇ. سەبىي، تەلۋە يىگىت قوترىدىغان سەزگۈلىرىنى يېنىپ، ئەسەبىي قىزغىنلىقتىن قايتقاندا، ئۇنىڭ روھىنىڭ ئاداققى پەللىگە، ھەقىقىي نۇسرەتكە ئىنتىلىشىنى قانداقتۇر بىر يىرگىنىشلىك ۋە مۇقەددەس نەرسە تەقىپ قىلىدى...

كۆز ئالدىمىزدا يەنە ھۆركىرەۋاتقان، لۆمشۈۋاتقان چەكسىز چۆل كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۇپۇق ئوتى ئۇتىشىدىن جايىغا بىر كرېست قادالغاندى. ھەي تىپىرلاۋاتقان چۆل، زەنجىرلەنگەن پرومېتېي! ئۇ شۇنداق بىر روھىيەت سىمۋولى، شۇ تاپتا كىشىنىڭدۇر دەرغەزەپ بىلەن كرېستىنى چېقىپ تاشلاپ، ۋۇجۇدىنى ئۇچلاپ چۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا زەرب بىلەن پاتقۇسى كېلىۋاتىدۇ. ئاۋۋال چۆلدىن قېپقىزىل قان بۇرقۇپ چىقىپ، ئاندىن سۈزۈك بۇلاققا، ئاندىن يېشىل بوستانلىققا ئايلىنىدۇ!...

مەن لەززەتلىنىشنى ياكى ئەپرەتلىنىشنى بىلمىدىم. بىلىكىم ھەر ئىككىي خىل تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمدا تەڭ قوزغالغاندۇر. نېمىلا بولمىسۇن ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا زوقلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ۋۇجۇدۇم قاتتىق شۈركىنىپ كەتتى. ھېلىقى شادلىق ۋە ئاچچىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھاراقنىڭ ئۆتكۈر ھىدى يەنە كېلىۋاتاتتى. ھاياتنىڭ ھەممىسى بۇ بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.

«مەسىھ چۆلى» دىن ئاستا يىراقلاشتىم. ئۇنىڭ ئەتراپىغا نەزەر سالدىم. ئۇ ھەقىقەتەن بىر چۆل ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق مۇھىت يوق ئىدى... ئۇ ئاشۇ يىگىتنىڭ ئۆزىدەك تەنھا ئىدى...

# شېئىر نېمە دەيدۇ؟

## مۇھەممەدسالىھ مەترۇزى

كىشىلەر شېئىر ئۈستىدە خىلمۇخىل تەبىرلەرنى بېرىپ ئۆتتى. ھەر بىر تەبىر بەرگۈچى ئۆزىگە يارىشا ئاساسلارنى تاپىدۇ، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە، شېئىر باشقا نەرسە ئەمەس، دەل شېئىرنىڭ ئۆزى. ئۇ تەگسىز ۋە چەكسىز بىر بوشلۇق، ئالەمنىڭ تەركىبلىرى سانسىز، شېئىر مانا مۇشۇ تەركىبلەر ئىچىدە مەڭگۈ مەۋجۇت.

※ ※

ھەر بىر بوۋاقنىڭ ئانا باغرىنى يېرىپ، يورۇقلۇققا كۆز ئېچىشىدىن تارتىپ ھەر بىر مويسىپىتنىڭ تۇپراق كۆكسىنى تىلىپ، تىنچ قاراڭغۇلۇققا كۆز يۇمۇشىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ھەممىسىگە شېئىر سىڭگەن. دەل شۇنداق بولغاچقا، شېئىر ئەبەدىيلىككە ئىگە.

※ ※

ئادەملەرنىڭ قۇدرىتى يېتمىدىغانلا بولسا خۇدا بولغۇسى كېلىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ بۇ ئىنتىزارلىقى ئىشقا ئاشسا، شېئىر دېگەن نەرسە ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ.

※ ※

شېئىرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈش — بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ بىزدە ئەزەلدىن بار بولغان ئەنئەنىسىنى تەكرارلاپ، ئۆزىنى ۋە كىتابخانلارنى كولدۇرلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مانا بۇ شېئىرىيەتكە بولغان بىلمەسلەرچە مۇتىھەملىك. ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئاۋارە بولمىساقمۇ، ئۇ ئەسلىدىنلا ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش سىرلىق نەرسە،

※ ※

ياخشى دەپ سانالغان شېئىر ئازابتىن تۇغۇلىدۇ، ھەقىقىي شائىر ئازابلانغانىدىلا ئاندىن قولىغا قەلەم ئالىدۇ، بۇ بۈيۈك ۋە مۇقەددەس ئازاب، ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن شېئىرلارمۇ بۈيۈك ۋە مۇقەددەس بولىدۇ. چۈنكى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن قوغلانغاندىن بۇيان، ئىنسانلار ئازاب ئىچىدە ئۆز جەننىتىنى ئىزدىمەكتە. شۇڭا كۈلگۈنچەك شائىرلار ۋە كۈلۈمسىرەۋاتقان شېئىرلار بىزدىكى شېئىرىي پاخاللىقنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. ئۇلار ئۆز شېئىرلىرىنىڭ قىسمىتىنى ئازاب ئىچىدە قايتا - قايتا ئويلىنىپ باقسا بولماسمۇ؟

## «گۈل» نىڭ ھەقىقىي قىياپىتى

ئېزىزجان ھوشۇر

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىدىكى «تۇنجى ئەسەر» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان مۇتەللىپ قۇربانىڭ «گۈل» دېگەن شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 9 - سانىدا بېسىلغان ئىلھام ئاتاۋۇللانىڭ «گۈل» ناملىق شېئىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدۇر.

مۇتەللىپ قۇربان ئىلھام ئاتاۋۇللانىڭ بەش كۇپلېتلىق شېئىرىنىڭ بىرىنچى ۋە بەشىنچى كۇپلېتىنى ئازراقلا ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن بۇ كۆچۈرمە ئەسەرنىڭ مىليونلىغان كۆزلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى؟

مەن مۇتەللىپ قۇربانىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ھەقىقىي گۈزەل ھەم ساپ قەلبى بىلەن غۇبارسىز ھېسسىياتى ۋە پاك تەرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى كىتابخانلارغا سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# نەسرلەر

ئاتىكەم مۇھەممەت

## سوۋغات

مۇھەببەت ئىسىملىك گۈزەل قىزنىڭ بىر قولىدا شىپالىق دورا، بىر قولىدا ئوغا بار ئىدى، بىراق مېنىڭ كۆزلىرىم پەقەت شىپالىق دورىنى كۆرۈپ ئوغىنى كۆرمەيتتى، ئۇ دورىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىچىپ راھەتلىنىپ تۇرغان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ ئوغىنى ئاستا تۇتتى، كۆزلىرىم يۇمۇق بولغاچقا ئوغىنىمۇ ئىچىپ سالدىم، شۇندىلا مەڭگۈلۈك ئازاب ماڭا ھەمراھ بولدى، بۇ ئازاب ــ شېكەر بىلەن زەھەرنىڭ بىرىكمىسى بولغاچقا مەن يەنىلا مېھرىمنى ئۈزەلمەيتتىم.

## ئەقىدە

مەن ساڭا قىزىرىپ پىشقان بىر دانە ئالمىنى سۇندۇم، سەن ماڭا جاۋابەن رەڭگا-رەڭ ئەمما پۇراقسىز گۈلنى ئۇزاتتىڭ، سەن ئالمىنى پۇراپلا تاشلىدىڭ، ئەكسىچە مەن گۈلنى مەڭگۈ ئاسرىدىم.

## بوشلۇق

مەن تۇغۇلۇشۇم بىلەنلا قەلبىمدە چەكسىز بىر بوشلۇق بارلىقىنى ھېس قىلدىم، يېشىم چوڭايغانسېرى بۇ بوشلۇقلار يەنىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى، مەن پانىي ئالەمگە سەپەر قىلىش ئالدىدا قەلبىمدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالماي ھەسرەت چەكتىم، ئەزرائىلدىن يەنە ئازراق پۇرسەت بېرىشىنى تىلىدىم، بىراق ئۇ رەھىمسىزلەرچە ئامانىتىمنى ئالدى. مەن ئارمان بىلەن كۆزۈمنى يۇمدۇم.

## ئەكس سادا

كۆز ئالدىمدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئالتۇن چاچلىق پەرى مېنى ھەيران قالدۇردى، مەن ئۇنىڭ دېڭىز سۈيىدەك كۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ، چاچلىرىغا سېرىدىقتىن ھەل بەردىم، بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ-يان ئۇچۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم، پەرى ماڭا قىيا بېقىپ كېلىپ، قولۇمنى، مەن ھاياجاندا تىترىگىنىمچە يېقىنلاشتىم، بىراق ئۇنىڭ قوللىرى كۆكتىكىنىمەدەك ۋىسال شارابىنى تۇتماستىن، قولۇمدىكى بىردىنبىر يادىكارىم بولغان ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئېلىپ كەتتى.

# نەسرلەر

## ئەخمەتجان ئوسمان (كۆرەش)

كۆكسۈڭدىكى ھايات مېۋىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن قەددىڭگە يامىشىۋاتقىنىمدا قاراسلاپ سۇندۇڭ.

قوللىرىم ھاۋادا لەيلەپ قالدى، بىراق شۇندىن كېيىن ئۆمرۈم ھاياتنىڭ ئاچچىق مېۋىسىدىن لەززەت تەمىنى سۈرمەكتە.

× ×

مېنىڭ ئىنگا ھەم كۆككە تاشلانغانىدا قۇياش پايانسىز چۆللۈكنىڭ يۈرىكىدە ئېرىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىن تاماكا ئىسىغا ئورالغان شادلىق نەغمىسى ئاڭلىنىۋاتقان پۈتۈن دۇنيا ئېغىر پۇشۇلداپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

يىراقتىن گىتارنىڭ مۇڭلۇق كۈيىدەك ئۆكسۈش ئاڭلاندى. بىراق بۇ ئۆك- سۈشنى مەنلا ئاڭلايتتىم ۋە بىلەتتىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ تىتىلغان شادلىقىنىڭ قۈترىشى ئىدى.

× ×

مەن ئۆزۈمنى قورۇۋاتقىنىمدا سۆڭەكلىرىمنىڭ كاۋاكلىرىدا سەبىرلىكنىڭ ئوماق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بارا - بارا ناخشام ھەسرەت شامالىنى قۇچاقلاشقا يۈزلەنگەندە بوۋاقلىشىپ كەتتىم.

ھاياتىمدا ئۆزۈمنى قورۇپ چىقالماي، سېنى تىكلىگىنىمگە ھەيرانمەن.

× ×

قەبرىستانلىقنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىنىڭ ئاچچىق شامىلى قەلبىمدىكى بەدبۇي پۇراقلارنى تازىلاۋاتقانىدا يارىتقۇچىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلايمەن.

ياۋا گۈللەر قاپلىغان بۇلاق بويىدا ساڭا تەلمۈرگەندە، بەخت كۈيىدىن ھۇزۇرلىنىمەن.

بۇك ئورمانلىقنىڭ چىغىر يولىدا تەنھا كېتىۋاتقانىدا پاكلىق قىلىچى بىلەن ياۋۇزلىنىمەن.

ئەمما مەن قەبرىستانلىقتا، بۇلاق بويىدا، چىغىر يولدىمۇ ئەمەس، ئۆزۈم كىرىشنى خالىمىغان چوڭ يولدا چىرىگەن جەسىتىمنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەن.

× ×

دېرىزە سىرتىدا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقان بىر جۈپ گىميا، لەزان شامالدىن يىراق يۇرتىمغا سالام يوللاۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىلىقى شۇنچىلىك يېقىن. بىراق ئەبەدىي قوشۇلالمىدى. ئەجەب ئىشې. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېچىنىشلىق قارايدىغاندۇ؟ ...

# شېئىرلار

فۇ تيەنلەن

پولات ھېۋزۇللا تەرجىمىسى

## قەلب پارچىلىرى

1

ئىنتىلىشىم
سىزىقتۇر يىڭناغۇچ قانىتى كەبى:
ئېگىز ئەمەس ئاشۇ ئاسماندا
توقۇيدۇ ئۇ بالىلىق چۈشىنى ھامان
مەن دېگەن بىر سەبىلىك
ئېزىقتۇرۇپ ئۆزۈمدەك ساددا بالىنى
نازۇك ياپراق ئۈستىدە قىمىرلىماي جىم ياتسام
كەلگىنىدە غالىبان غۇيغۇسىدا بوش دەسسەپ بالا
ئۇچۇپ كېتىمەن، ئۇ ئۇنتۇيدۇ بارلىقىنى مەندىمۇ كۆزنىڭ!

2

مەن كۈلگۈنچەك
بۇلاق بىلەن بۇلبۇلنى مەن قاچۇرغان لال قىلىپ
كۈلكىلىرىم ئايلاندى يانان بىلەن ئانارغا
ئايلىنىپ ھەم ئايغا، كۈنگە
ئېسىلىپ قالدى دەرەخ ئۇچىغا.
ياشلىرىمنى مەگزىمىدىن ھەيدىۋەتكەچ شادلىقىم
ئۈمىدى ئۇنىڭ قىلچىلىك ئورنى يوقتۇر چېھرىمدە.
بەردىم تەسەللى قەلبىمگە: چىدىغىن
پەقەت بۇ يەر ئاپەتتىن ئەڭ بىخەتەر ماكاندۇر.

3

تاغقا چىقتىم تىكەنلىك ئارىسىدىن يول ئېلىپ
چىقىپ بولماس چوققا ئىكەن ئۇ كۆكۈل
قۇدۇق قازدىم ئىچكىرىلەپ يەر ئىككىچى زېمىنىنىڭ
ئەمما سۇ يوق بىر قەترە
ئېچىلدۇردۇم گۈلنى سىغۇرۇپ يامغۇر-شەبنەم بىلەن
گۇگۇم پەيتىدە
چۈشكۈنلۈكمۇ مەن؟ مەغلۇبىيەتمۇ مەن؟

ياق! قۇرۇغان گۈل قالدۇرار ئېتىقادىنى بىخقا
يەر يۈرىكى رەھىمسىز، ئاسمان يەنە ياش تۆكەر
چىقىپ بولماس چوققا، ئۆلمەس قەيسەر يىلتىز
مەن مەڭگۈ ئۈمىد! مەڭگۈ غەلىبە!

## تىرىلىش

مەن ياشلىقىمنىڭ يۇلتۇزدەك كىچىككىنە چېكىتى
چاقناپ تۇرار ئۇ ھەتتا توسسا كۆكنىڭ بۇلۇتى
ئاچچىقىدا بۇلۇتلار قوغلىۋەتسە گەر ئۇنى
چۈشەر ئۇنىڭ ئاق كىرلەڭ سان - ساناقسىز پارچىسى.

يۈدىكەنچە يېمەكلىك ئاققۇزدىمەن تەردىمنى
ئىزدەپ دېڭىز چېتىنى ئايلىنىپ ھەم ئۇپۇقنى
ئۆزلىرىمىز توقۇغان چېپتا تاغار ئىچىگە
قاچىلىدىم بىباھا قىممەتلىك چۈشلىرىمنى.

تاش بولسىمۇ ئۇ گەرچە، مەن سۇغاردىم ھەر كۈنى
ئويلايمەن ئۇ كۆرەلەر باردۇر ئۇنىڭ كۆزلىرى
تاش بولسىمۇ مەن ئاڭا، ناخشا ئېيتتىم ھەر كۈنى
ئويلايمەن، ئاڭلىيالار باردۇر ئۇنىڭ قۇلىقى
بەش، ئون، يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى شۇ بىر دەقىق
ئېچىلىپ ئىشىك — ئاھ! ئۇ تىرىلسە
ھەر زەررە تاش پارچىسى بىر يوپۇرماق بولۇپ ئۆزگىرەر
ئەسىر قالماس تاشلاردىن، پورەك ئاچقاچ ھەممىسى.

## گۈگۈم ياكى ئازابقا بېغىشلاپ

### خەن دۇڭ

گۈگۈم كەلدى يەنە شۇ پېتى
ئۇ چاپلىنىپ قالدى ئەينەككە
ئوماق ئەمەس ئۇ بۇرۇنقىدەك
مەن تىكىلدىم ئاڭا دىققەتتە
مېنى ئاشۇ لەرزىگە سالغان
نەرسىلەر ئىچرە سەن قالدىڭ پەقەت
دېرىزىنى ئېچىپ مەن سېنى
كىرگۈزۈشكە يوق مەندە تاقەت.
تاشلاپ قويايى جىملىقىقا ئۇنى

ھېلىمۇ بار كۆزلەردە ھەسرەت
بۇ ھەسرەت بەك تونۇشلۇق ماڭا
خۇددى چېتى پۈرلەشكەن كىتاب
مەن قاتلىغان بەتلىرى بار ھەم
مەن ئوقۇغان ئابزاس پاراگراف
ۋاراقلىغۇم يوق ئۇنى بۈگۈن
كىرگۈزۈشنى كەتمەيمەن خالاپ
خىجىللىقتا قالماسلىقىمچۈن
مېنىڭ تىللاشلىرىمنى ئاڭلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تارىمدىكى قۇياش

(ئەدەبىي ئاخبارات)

جاڭ لەك

يەر شارىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقى — ھىمالايا، كۇئېنلۇن، تەڭرى ۋە ئالتۇن تاغلىرىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ جىلغا. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 400 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان بۇ چوڭ ئويمانلىقنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقى ئىگىلەيدۇ. كىشى بىر كۆرۈپلا شۈركىنىپ كېتىدىغان بۇ چوڭ قۇملۇقنى بوي سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانلار سەۋرچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىزدىنىپ كەلدى. نەتىجىدە تارىم ئويمانلىقىدا دۇنيا بويىچە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كۆڭۈلدىكىدەك نېفىت قاتلىمى سىستېمىسى مەۋجۇت ئىكەنلىكى بايقالدى. بۇ ئوي- مانلىقنىڭ ئاستىدا ئون مىليارد توننىدىن ئارتۇق نېفىت، سەككىز مىليارد 300 مىليون كۇبمېتىردىن كۆپرەك تەبىئىي گاز بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. خەلقئارا گېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر تارىم دۇنيا بويىچە تا بۈگۈنگە قەدەر تېخى ئېچىل- مىغان ئاخىرقى بىر چوڭ نېفىتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى، تارىمنىڭ ئىككىنچى «ئوتتۇرا شەرق» بولۇپ قېلىشى مۇمكىنچىلىكى. كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچۈپلا قالايلا دېگەن تارىمدىن ئىبارەت بۇ قاقاس جەزىرە ھازىر خەلقئارانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەربىر دۆلەت ئېنېرگىيە ئۈچۈن تىت - تىت بولۇپ، جاپالىق ئىزدىنىپ ياكى ئۇرۇش - تالاش قىلىپ يۈرۈۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە بۇ «قارا قۇياش» ئۆزىنىڭ تەبىئىي نۇرلىرىنى چاقنىتىپ بىردىنلا ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. جۇڭگونىڭ خورلۇقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردە نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ باتۇرانە قەھرىمانلىق چۈش - خىياللىرىنى چۆرىدەپ، جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ ئەڭ جاپالىق جەڭ مەيدانى ئېچىلدى.

## يېشىل ئېزىتقۇ — ئۆچكىلىك

تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت چارلاش خىزمىتى 1951 - يىلى باشلانغانىدى. جۇڭگو ئەينى ۋاقىتتا يىلىغا ئارانلا 120 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرالايتتى.

1904 - يىلى شىنجاڭدا 30 نەچچە نېفىت بۇلىقى بايقالدى. ئۇلاردىن چىققان نېفىتنىڭ سۈپىتى ساپ، رەڭگى قېنىق يېشىل ۋە سۇس قىزىل ئىدى. يەرنى بىرەر مېتىر كولىسىلا نېفىت ئېتىلىپ چىقاتتى. يەرلىك ھۆكۈمرانلار سودا ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇپ سودىگەرلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئارقىلىق يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئايرىشنى باشلىدى. بىراق «پايدىنىڭ ئاز» بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ ئىش ئۇزۇنغا بارماي توختاپ قالدى. 1921 - يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتار- لىق دۆلەتلەر ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ نېفىت ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى. بىراق ئۇلارمۇ قاتناش قولايسىز، يۆتكىمەك قىيىن بولغاچقا بولدى قىلدى. 1949 - يىلغا كەلگەندە جۇڭگو ئىمپورت قىلغان ھەرخىل نېفىت تۈرلىرى 28 مىليون 800 مىڭ توننىدىن ئاشتى. بۇنىڭ قىممىتى 3 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1950 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ غەربىدىن كەل- گەن بىر نېفىت ئىشچىسى بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى كۆمۈر گاز بوغچىلىرىنى ئېسى- ۋالغان ماشىنىلارنى كۆرۈپ بەكمۇ نومۇس ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋاڭ جىنشى بولۇپ، «ۋاڭ تۆمۈر ئادەم» دەپ ئاتىلاتتى.

كىيىملىرى ياماق بىلەن تولغان، ئۆزى ۋىجىك بولسىمۇ قەيسەر كەلگەن يۈك تىيەنشيۇ ئەنە شۇ زامانلاردا چوڭ قۇملۇققا بىر كىرگەنچە 38 يىل تۇردى. يۈك تىيەنشيۇ يېڭى جۇڭگو تەربىيىلىگەن تۇنجى ئەۋلاد ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ شىنجاڭدىكى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتىگە كېلىپ سوۋېت مۇتەخەسسىسى سۇركوۋ بىلەن بىرگە تارىمنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىراق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى. 1957 - يىلغا كەلگەندە جۇڭگو - سوۋېت بىرلىشىپ تارىمنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشى ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالغانىدى. ئېلىمىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى باشلاپ يۈك تىيەنشيۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم جۇڭگونىڭ يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلىرىنى تارىمغا باتۇرلارچە جەڭ ئېلان قىلىشقا ئەۋەتتى.

22 ياشقا كىرگەن يۈك تىيەنشيۇ گېئولوگىيە ئەترەت باشلىقى بولدى. ئۇ بىر توپ قىزغىن ھەم ساداقەتمەن تۆھپىكارلاردىن تەركىب تاپقان گېئولوگىيە ئەترى- تىنى باشلاپ ئاتلىق چەرچەن دەرياسىنى بويلاپ تەڭرىتېغىنىڭ چوڭقۇر ئېتىكىگە قاراپ ماڭدى.

ئەزرائىل ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ زادىلا نېرى كەتمىدى. يۈك تىيەنشيۇ- نىڭ ساۋاقدىشى ۋاڭ شىرىن شىنجاڭغا كىرىپ ئىككىنچى يىلى ئاتتىن چوڭقۇر غارغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈك تىيەنشيۇمۇ ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. ئۇ كۈنى يۈك تىيەنشيۇ ئۆزى يالغۇز رايون خاراكتېرلىك نېفىت بار بىر قاتلام سىستېمىسىنى بايقىغانىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغاچقا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. كىشىلەر ھوشىدىن كەتكەن يۈك تىيەنشيۇنى سەپەر كارۋىنىغا ياتقۇزۇپ

بازىغا ئېلىپ قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ئۇ ھوشىغا كەلدى ۋە غەزەپ بىلەن «كىم سىلەرنى قاچقۇن بولۇڭلار دېدى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەڭلار» دەپ توۋلىدى. كىشىلەر نائىلاج سەپەر كاردۇرتىنىڭ ئىككى بېشىغا ياغاچ كالتەكنى ئۇلاپ باغلاپ ئىككى ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ ماڭدى. ئېشەك ھەربىر سىلكىنگەندە يۈك تىيەنشىيۇ بىر قېتىم قارا تەرگە چۈمەتتى. ئۇزۇنغىچە خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل بولغان ياڭ شۇپىڭ چىدىماي يىغلاپ تاشلىدى. قارارگاھقا قايتىپ كەلگەندە ياڭ شۇپىڭ يۈك تىيەنشىيۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بەل ۋە يانپاش سۆڭەكنىڭ يارىلانغانلىقىنى بايقىدى.

شۇ ماكاندا تۇغۇلغان گۈزەل قىزچاق دەيجەن چوڭ قولمىقىنىڭ ئەركەكلەر-دەك سۇزۇلۇكى ۋە كەچكى قۇياش نۇرىدىكى ئەۋرىشىم قۇم بارخانلىرىدىن سۆيۈ-نۈپ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا يۈك تىيەنشىيۇغا ئەگىشىپ پۈتۈن كۇچا ئويمانلىقىنى كېزىپ چىقتى. يۈك تىيەنشىيۇ مېنىڭچە «كۇچا ئويمانلىقىنىڭ ئۆچكىلىك رايونىدا نېفىت زاپاس قاتلىمى بار، قېزىپ تەكشۈرۈشكە بولىدۇ» دېدى. دەيجەن ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلدى. ئەمما سوۋېتلىكلەرنىڭ بۇ جايغا بولغان مۆلچىرى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئەگەر قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نېفىت چىقمىسا يۈزىنى ئېتىپ قايتىشقا توغرا كېلەتتى.

دەيجەننىڭ سەممىي، ئىسپاتلىرى تولۇق بولغان دوكلاتى يۇقىرىغا سۇنۇلدى. بۇنىڭ بىلەن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى 1958- يىلى 5- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن باشلاپ ئۆچكىلىك رايونىدا قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلدى ھەمدە دەيجەننى ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. ئۆچكىلىكتىكى قۇدۇق قېزىش باشلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن 22 ياشلىق گېئولوگىيە ئەترەت باشلىقى دەيجەن، ئەترەت ئەزاسى لى يۈبىردىن بىلەن بىر نامسىز تىك تاغ جىلغىسىدا ھايا-تىدىن ئايرىلدى.

دەيجەننىڭ جەسىتى كۇچا گوڭشىسى ھەرەمدىكى چۆللىشىپ كەتكەن بىر قەبرىستان-لىقنىڭ ئەڭ چېتىگە دەپنە قىلىندى. جەنۇبىي جۇڭگولۇق بۇ قىزنىڭ گۈزەل ئىسمى قەبرە بېشىدىكى ياغاچ تاختايغا يېزىپ قويۇلدى. بىر ئايدىن كېيىنلا دەيجەن ھەممىدىن بەك ئىنتىزارلىق بىلەن ئۈمىد قىلغان، بىراق ئۇ مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان ئىش ئاخىرى ۋۇجۇدقا چىقتى. تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇنجى نېفىتلىك بايقالدى، ئۆچ-كىلىكنىڭ تۇنجى قۇدۇقىدىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. نېفىت مايسىرەك بولۇپ، بۇ ھاياتلىق دەريانىڭ رەڭگى ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ماددا، بۇ قاراڭغۇ تۈنلەردىمۇ پارقىراق نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى.

يۈك تىيەنشىيۇنىڭ ساۋاقدىشى، گېنېرال ياڭ خۇچىڭنىڭ قىزى ياڭ چىڭلىمۇ دەيجەن بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭگۇدەك گېئولوگىيە تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇشتۇمتۇت جۇدۇنغا ئۇچراپ بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. بۇ ئەمەلدا 22 ياشقا كىرگەن گېنېرال ئائىلىسى-نىڭ قىزى توي قىلىش ۋاقتىنى پۈتۈشۈپ قويۇپ قۇربان بولغانىدى.

بېيجىڭ گېئولوگىيە شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن يەنە 22 ياشلىق گېئولوگىيە

ئەترەت ئەزاسى مىڭ جىپپىنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى توغراقلىقتا قۇربان بولدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى بۆرە غاجاپ پەقەت ئۇستىخانلىرىلا قالغانىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى تارىمغا ئېقىشىپ نەزەر سېلىپ تۇرىدىغان بىر كىچىك تاغنىڭ ئۈستىگە قاتۇرۇلدى.

1958 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭ نېفىت گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن پەن - تېخنىك خادىملاردىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز كىشى ياش ھاياتىنى بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا تەقدىم قىلدى.

ئىككىنچى يىلى يۇڭ تىيەنشيۇ ئادەملىرىنى باشلاپ دېيجەن، لى يۈبىردىن ئىزىنى بويلاپ نامسىز جىلغىغا يەنە بىر قېتىم كىردى. بۇ جىلغىغا ئاللىبۇرۇن «جەنرېن جىلغىسى» دەپ نام قويۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا تۇساتتىن بىر تۇتام لەپىلدەپ تۇرغان ئۇچقۇن پەيدا بولدى. ئۇ بولسا دېيجەننىڭ قىزىل يۇڭ مايكىسى ئىدى. دېيجەن ھايات ۋاقتىدا ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ كىيىۋالىدىغان كىيىمى بىر تۈپ قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنىڭ شېخىدا ئاستا لەپىلدەپ تۇراتتى.

1980 - يىللىرىدا ئۈچ قېتىم شەرەپ بىلەن نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، تارىم گېئولوگىيە نەزەرىيىسىگە زور تۆھپە قوشقان باش گېئولوگ يۇڭ تىيەنشيۇنىڭ نەچچە يۈزمىڭ خەتلىك ئىككى پارچە ئىلمىي كىتابى نەشر قىلىنىدى.

## تەكلىماكاننى بۆسۈپ ئۆتۈش

ئۆچكەلمەك نېفىتلىكى بايقالغاندىن كېيىن كىشىلەر نەزەرىنى تەكلىماكانغا ئاغدۇرۇشتى. «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ نامىدىنلا «كىرسە چىققىلى بولمايدۇ» غانلىقى بىزگە مەلۇم. ئەمما قۇملۇق نېفىت زاپىسى ئەڭ كۆپ ساقلىنىدىغان مۇھىم جايدۇر. 1940 - يىللاردا ئەرەب ئارىلىدىكى قۇملۇقلاردا مول نېفىت - گاز بايلىقى بايقالدى. 1950 - يىللاردا شىمالىي ئامېرىكىنىڭ تېكساس قۇملۇقى ۋە ئاۋستىرالىيە چوڭ قۇملۇقلىرىدا يەنە زور بايقاشلار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو نېفىت ساھەسىدىكىلەر تەكلىماكانغا چوڭقۇر ئۈمىد باغلىغانىدى.

1958 - يىلى 4 - ئايدا ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغان بىر تۆگە ئەترىتى تارىمنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كىرىيە ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. چاڭ - توزان ئىچىدە كولدۇرما ئاۋازى يىراق جايلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 505 گېرائوۋى ماگنىت ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن خوتەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئومۇمىيۈزلۈك گېئولوگىيە تەكشۈرۈشنى باشلىدى. بۇ قۇملۇقنى توغرا بۆسۈپ ئۆتۈشتىكى تۇنجى قەدەم ئىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 326 تۆگە، 120 ئادەم ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 30 كىلومېتىردىن ئارىلىق قالدۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى شۇ زامانلاردىكى ئىمپورت قىلىنغان ئەڭ ئىلغار گراۋىمېتىر ۋە ماگنىتومېتىر بىلەن

توغرا لىنىيىلىك ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش ۋە يەرنىڭ ئېغىرلىق كۈچى ھەم ماگنىت كۈچىنىڭ نورماللىسىزلىقىنى بايقاش ئارقىلىق قۇملۇقتىكى نېفىت زاپاسلىرى بار قاتلاملارنى تېپىش ئىدى. بۇ، جۇڭگو نېفىت سانائەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان باتۇرانە ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1956 - يىلى گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر گېئولوگىيە شۆبە ئەترىتى تەۋەككۇلچىلىك بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مازار تاغقا كىرىپ قەدىمىنى ئوڭشاپ بولغۇچە قۇم بورانلار ئۇلارنى قۇملۇقتىن ھەيدەپ چىقارغانىدى.

1958 - يىلى 8 - ئايدا تارىمنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. چوڭ ئەترەت باشلىقى خۇاڭ خاۋ، گېئولوگ شيا گۇڭجۈن يەنە بىر قېتىم كۈچ تەشكىللەپ مەكىتتىن يەكەن دەرياسىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ مازار تاغقا قاراپ ماڭدى. ئۇلار قۇملۇقتا تەمىنات يەتكۈزىدىغان بىر لىنىيە ئاچماقچى بولغانىدى. ئاخىر يەنە خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا توسۇلۇپ قېلىپ نەتىجىسىز قايتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېچقانداق بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالدىراپ قۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالمىدى.

505 گېئولوگىيە ئەترىتى بۇ قېتىم قۇملۇقتىن بوسۇپ ئۆتۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. ئۇلار ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئادەم قۇملۇقتىن ئۆتكۈچە بەش تۆگىگە 700 كىلوگرام سۇ ئارتىپ ماڭغاندا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر گېئولوگىيە گۇرۇپپىسى 80 تۆگىگە سۇ، ئوزۇقلۇق، كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى ئارتىپ، قالغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئىخچاملاپ تەييار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گېئولوگىيە ئەترىتى يولغا چىقتى. يېرىم ئايدىن كېيىن ئۇلار قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردى. بۇ يەردە قۇم بارخانلىرى خۇددى ھىلال ئايدەك تۈننىڭ يىراق چېتىگە ئېگىلىپ تۇراتتى. ئېگىزلىكى 200 مېتىر كېلىدىغان قۇم تاغلار خۇددى ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇندەك كۆرۈنەتتى. قاپقاراڭغۇ باياۋاندا ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.

تەبىئەتنىڭ غەيرىي كۆرۈنۈشلىرى تولغان بۇ جىمجىتلىقتا گېئولوگىيە ئەترەت ئەزالىرى قەتئىي تۈردە غېرىبانە يول باسماقتا. ئۇلار بىر كىشىنىڭ ئۇلارغا تۈرتكە بولۇۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ تۇراتتى. بۇ كىشى ئىلگىرى جۇڭگونىڭ دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان گۆھەرلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىگە خائىنلىق قىلغان. ئاخىرى 1952 - يىلىدا زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆلگەن. بىراق بۇ كىشىنىڭ روھىدا بىر خىل قەيسەرلىك بار ئىدى. ياش جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ رىقابەتچىسى قىلىپ ئۇنىڭ يەتكەن ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ئېشىپ كېتىشكە ئىنتىلەتتى.

سېۋىدىن. ھېدىن دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ،

ئۇنىڭ تېنى ساغلام، پاكار، ئورۇق، سالاپەتلىك، ئىرادىسى كۈچلۈك يەنە دۆلەتنىڭ تىلىنى راۋان بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا قىلغان ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى گارنىزون شەھىرى كىرورەننى بايقىشى دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

1895 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى — يەنى 505 گېئولوگىيە ئەترىتى تەكلىماكانغا كىرىشتىن تۆپتوغرا 63 يىل ئىلگىرى ھېدىن بەش ئادەم، سەككىز تۆگە، ئىككى ئىت، ئۈچ قوي، 11 توخۇ بىلەن ئېكسپېدىتسىيەسىنى باشلىغانىدى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، ئۇلارمۇ يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرققە قاراپ مېڭىپ خوتەن دەرياسىغا يەتكەنىدى.

شۇ يىلى 12 - ئاي ۋە 1899 - يىلى 9 - ئايدا ھېدىن يەنە ئىككى قېتىم تەكلىماكانغا كىردى. ئۇ يەكەن دەرياسىدىن يولغا چىقىپ شەرققە قاراپ تەكلىماكاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى لوپنۇر كۆلىگىچە باردى. نەچچە مىڭ يىل كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمكى كىرورەننى بايقىدى ھەم 36 پارچە جۇڭگو يېزىقىدىكى باش - ئايىغى يوق كىتابلار ۋە 120 پارچە ياغاچ ئويما ھۆججەتلەرنى قېزىۋالدى...

505 گېئولوگىيە ئەترىتى تېخىمۇ مۇشكۈل بىر يولنى بويلاپ تۈپتۈز ئىلگىرىلىدى. گېئولوگىيە ئەترىتى ئەترەت باشلىقى شيۇ يىڭشۇەننىڭ باشلامچىلىقىدا كۈنىگە 20 نەچچە كىلومېتىر ئىلگىرىلىدى. 505 گېئولوگىيە ئەترىتى ئۆلۈش - تىرىلىشكە قارىماي قۇملۇققا توققۇز قېتىم كىرىپ - چىقىش ئارقىلىق يەتتە يۈرۈش گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈز ئىشلىدى. يەتتە ئېغىرلىق كۈچىنىڭ يۇقىرى نۇقتىسىنى بايقىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ گېئولوگىيە قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، 30 يىلدىن كېيىن تارىم، جۇڭگو نېفىت ساھەسىنىڭ جارالىنىش سىگنالى بولۇپ قالدى. بىراق ئەينى زاماندا بۆسۈپ ئۆتۈش ئاخىرلىشىپلا تارىمنى ئېچىش توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئاشۇ ئويلىغان تەر سۇلىرى بىلەن تولدۇرۇلغان گېئولوگىيە قۇرۇلما خەرىتىلىرى ۋە ھەر خىل ماتېرىياللار پۈچەكلىشىۋېتىلدى. كىشىلەر شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىقتىساد ۋە ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە قۇملۇقنىڭ تەگدىشى ئەمەسلىكىنى سەزدى. قۇملۇققا كىرىپ قىزدۇق قازغۇدەك مادارىمىز يوق ئىدى.

ئۇ چاغدا جۇڭگو نېفىت گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ستراتېگىيىسىنى شەرققە بۇراشقا مەجبۇر بولدى. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە ئاجايىپ قەھرىمان لى سىگۇاڭ ئوتتۇرىغا چىقتى.

## قۇملۇق دېڭىزىدىكى پىرامىدا — كۆكيار

دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان ئالاقىدار پەنلەرنىڭ بىرى — گېئومېخانىكا دۇنياغا كەلدى. لى سىگۇاڭ بۇنىڭغا ئاساسەن يېڭى خۇاشيا تۈزۈلمە سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى خۇاشيا سىستېمىسى ئۈچ چوڭ كۆتۈرۈلمە بەلباغ ۋە ئۈچ چوڭ ئولتۇرۇشما بەلباغدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا شەرقتىن غەربكە قاراپ پەلەمپەيدەك تەرتىپلىك تىزىلىپ تۇراتتى.

تارىم، جۇڭغار، سەيدام قاتارلىق ئويمانلار غەربىي دىيار تۈزۈلمە سىستېمىسىنىڭ ئولتۇرۇشقان بەلبېغى بولۇپ، ئۇلار يېڭى خۇاشيا تۈزۈلمە سىستېمىسى بىلەن كەسمە شەكىلدە چىرمىشىپ تۇراتتى.

لى سىگۇاڭ ئولتۇرۇشقان بەلباغدا ئادەتتە نېفىت ۋە تەبىئىي گاز پەيدا بولۇپ يىغىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نېفىت قوشۇنى شەرققە يۈرۈش قىلىپ سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىگە كىردى. 1959 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سۇڭلياۋ تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى 3 - قۇدۇقتىن نېفىت چىقتى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 27 - قۇدۇقتىنمۇ نېفىت چىقتى. بۇ يېڭى خۇاشيا سىستېمىسىنىڭ ئىككىنچى ئولتۇرۇشقان بەلباغدىكى ئويمانلىقتا زور نېفىتلىكنىڭ بار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى. شۇندىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئىمپورت نېفىتكە خاتىمە بېرىلدى.

1960 - يىللاردا داچىڭ نېفىتلىكىگە ئەگىشىپ يەنە غالىبىيەت، داگاڭ، ئاستىنقى لياۋخې، خەنجياڭ قاتارلىق بىر يۈرۈش نېفىتلىكلەر كەينى - كەينىدىن بايقالدى. بىراق تارىمدا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتتىكى بارلىق مۇشكۈللۈكنى باشتىن كەچۈرگەن غەربىي دىيار نېفىت باتۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىمغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى بىر مىنۇتمۇ يوقاتمىغانىدى. 1960 - يىللىرى بۇ يەردىكى گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى 3000 مېتىرلىق بۇرغا ستانوكى بىلەن تارىمغا كەينى - كەينىدىن جەڭ ئېلان قىلدى. ئاخىرى كۈچ جەھەتتىكى پەرقنىڭ چوڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار ئون يىل ئىچىدە قازغان 310 تۆشۈكنىڭ بىرسىدىنمۇ ياخشىراق نېفىت گازى بايقالمىدى. ئەمما ئۇلار بىلەن قېرىشقاندەك گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىر گۇڭگۇرت سۇلفۇد ئىزدەش ئەترىتى 1975 - يىلى يەكەن دەرياسى بىلەن خوتەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي نېفىت قېزىپ چىقتى. دېمەك، تارىمدىن ئاخىر سادا چىقتى.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە بىر قېتىم سەرخىل قوشۇنلارنى توپلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدا شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سۇڭ خەنلياڭ زەربىدار گۇرۇپپىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇلار ئويمانلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاغىلىق - گۇما ئولتۇرۇشما بەلبېغىدا جەڭ مەيدانى ئاچتى. ئۇلار مىڭ تەسلىكتە بارار جايىغا كېلىپ سۇنئىي يەر تەۋرىتىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ قالاق بولۇشى سەۋەبىدىن يەر تەۋرىتىش ئەسۋابىدا تەۋرەش دولقۇنى ئەسلا كۆرۈلمىدى. ھېچ نەرسە يوق.

60 - يىللىرى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن خۇاڭ چۈەنجۈنگە ھازىرقى ئەسۋابلار بىلەن ئۈچ ئاي ئىچىدە ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى. يەر تەۋرىتىپ يەنىلا ئۈنۈملۈك گېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئېرىشكىلى بولمىدى. خۇاڭ چۈەنجۈن قاتارلىق كىشىلەر چۆل - جەزىرىنىڭ ئاستىدىكى گېئولوگىيە تۈزۈلمىسىنى مۆلچەرلەشكە ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈن تاغ جىنسلىرىنىڭ يۈزلىنىشىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىر ۋىشكا توشۇيدىغان ئاپتوموبىلغا چىقىۋېلىپ توپتوغرا ئون كۈن

مېڭىپ تاغ جىنسى قاتلاملىرىنىڭ يۆنىلىشىنى كۆزەتتى ۋە ئاخىرى بىر گۇمانلىق يەر قاتلىمىنى بايقىدى. قايتا - قايتا دەلىللەش ئارقىلىق ئۇنى ئانتىكلىنور دەپ بېكىتتى. مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا 4500 مېتىر چوڭقۇر يەر قاتلىمىدىن نېفىت تاپقىلى بولاتتى. شۇ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا نېفىت مىنىستىرلىكى خۇاڭ چۈەنجۇ- نىڭ دوكلاتىنى ئاساسەن كۆكيار رايونىدا قۇدۇق ئورنىنى تاللىدى. بۇ نۆۋەت 3200 مېتىرلىق بۇرغا ستانوكىنى ئىشقا سالدى. بۇ بۇرغا ستانوكىنى پۇختىلاپ ئىشلەتسە 4000 مېتىرغىچە قازغىلى بولاتتى. بۇرغا ستانوكىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى 1976 - يىلى 10 - ئايدىكى پۈتۈن جۇڭگونى ھاياجانغا كەلتۈرگەن كۈن- لەرنىمۇ بېسىپ كەتكەنىدى. 1977 - يىلىغا كەلگەندە تارىمنىڭ يەر ئاستىدىكى خىلمۇ - خىل ئەھۋاللار بۇ مەستانە ئادەمنى يەنە بىر قېتىم مازاق قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. قاغىلىقتىكى قوماندانلىق شتابى ئۈمىدسىز كەيپىياتقا تولغانىدى. كىشىلەر چېكىنىش - چېكىنمەسلىك مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. قۇدۇق ئاللىقاچان 3800 مېتىر چوڭقۇر قېزىلغانىدى. بۇرغا ستانوكىنىڭ ئىقتى- دارى چەكلىك. يەنە قانچە چوڭقۇر قازغىلى بولىدۇ؟ قېنى قېزىق خۇاڭ چۈەنجۇ- نىڭ ئاۋازلىرى ئۈزۈلۈپ، كۆزلىرىدە ياش تولغانىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىر غايەت زور ئاۋازنى ئاڭلىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرمۇ بۇ گۈلدۈرماممىدەك ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى.

ئۇلار قۇدۇقنىڭ بۇرغىسىنى سىقىۋېلىش ھادىسىسىنى مۇشۇنداق ھېچقانداق تەييارلىقسىز ئەھۋال ئاستىدا بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى. قاپقارا تەبىئىي نېفىت كۆككە قاراپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك بېسىمى قېلىن پولات تاختىنى تېشىپ ئۆتۈپ گۈركىرىگىنىچە ھەيۋەتلىك بىر فونتان ھاسىل قىلغانىدى. نەچچە ئون چاقىرىم سىرتتىمۇ بۇ فونتاننى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بارلىق نېفىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەر - ئاياللار ھەيرانلىق ئىچىدە: «نېفىت چىقتى، نېفىت چىقتى!» دەپ جار سېلىشتى.

شۇ كۈنلەردە بارلىق كىشىلەر كۆكياردىكى بۇ قۇدۇق ھەققىدە قىزغىن سۆز- چۆچەك قىلىشاتتى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە بۇ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قۇدۇق بولۇپ، بۇ قۇدۇقتىن بىر كېچىدە ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ چىققان نېفىت ئاز دېگەندە 1500 توننا كېلەتتى. قارا قۇياش كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

كۆكيار 1 - قۇدۇقتىن تۇپتوغرا ئىككى يېرىم يىل ئەنە شۇنداق شىددەت بىلەن نېفىت ئېتىلىپ چىقىپ تۇردى. كىشىلەر 800 كېچە - كۈندۈز ھەر قانداق قىلىپمۇ بۇ زور نېفىتنى كونترول قىلالمىدى. لى سىگۇاڭ ئەپەندىنىڭ تارىمنىڭ نېفىتى بار قاتلاملىرى تېپىلسىلا، جەزمەن چوڭ نېفىتلىك تېپىلىشى مۇمكىن، دېگەن قىياسى ئىسپاتلاندى.

ھاياجان ۋە ھەيرانلىقتا قالغان نېفىت مىنىستىرلىكى دەررۇ ئون يەردىن ھەل قىلغۇچ جاينى تاللاپ قۇدۇق قېزىشقا كىرىشتى. بۇ يەردە قۇدۇق قېزىش

ئۈچۈن ھەر بىر مېتىرىدىكى 2000 يۈەندىن راسخوت كېتەتتى. شۇنداق بولغاندا 20 دىيومىلۇق رەڭلىك تېلېۋىزورنى قۇدۇق ئاستىغا بىر - بىرلەپ تاشلىغان بىلەن ئوخشاش باراۋەر بولۇپ، 800—900 مىليون مەبلەغ ئەنە شۇنداق تۈگىگەندى. نېفىت ئىزدىگۈچىلەر گاڭگىراپ ئولتۇرالماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، كۆكيارنىڭ چاقناق نۇرى ئىقتىسادنىڭ بىتچىت بولۇش گىردابىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا ئالدىراۋاتقان كىشىلەرگە سەمىمىي ۋە چەكسىز ھاياجان ئىچىدە «تارىمدا ئون نەچچە داچىڭ» قۇرۇپ، دۆلەتنى بىر كېچىدىلا زور باي قىلىشنى ئۈمىد قىلدۇراتتى. 1978 - يىلى دۆلەت تارىمغا زور كۈچ سېلىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى بىلەن نېفىت مىنىستىرلىكى بىر ۋاقىتتا دېڭىزدەك مەملىكەت بويىچە تاللانغان كۈچلەرنى توپلاپ تارىمغا يۈرۈش قىلىپ، ئويمانلىقنىڭ غەربىي جەنۇب ئولتۇرۇشمىسىدا جاپالىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 5000 مېتىرلىق بۇرغا ستانوكى ۋە بىر قانچە يەر تەۋرىتىش ئەترىتى، ئېغىرلىق كۈچ ئەترىتى، نېفىت مىنىستىرلىكى گېئولوگىيە تەكشۈرۈش 3 - باشقارمىسىنىڭ ئون نەچچە يەر يەۋرىتىش ئەترىتى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تارىمنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا توپلاشتى.

قىلچە ئايىماي تۆكۈلگەن قان - تەرنىڭ بىكارغا كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان؟ كۆكيار — گۇما — يېڭىسار بەلبېغى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئالدىدىكى چۆل - جەزىرىلىك ئىدى. كولىغانلا يەردىن قاتتىق تاشلار چىقاتتى. يالغۇز ئۇلۇغۋار روھقا تايىنىش بىلەنلا تارىمنى يەڭگىلى بولمايتتى. تەدبىر بەلگىلىگۈچىمۇ ئارمانىغا چۈشلۇق دەرمانىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان قوشۇن كۈچى تەدرىجىي ھالدا 18 يەر تەۋرىتىش ئەترىتى ۋە بەش ئېغىرلىق كۈچ ئەترىتىگە كۆپەيتىلدى. گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىمۇ بۇ يەرگە 10 يەر تەۋرىتىش ئەترىتى ۋە بەش ئېغىرلىق كۈچ ئەترىتى ئورۇنلاشتۇردى. نەچچە مىڭلىغان مەردانە جەڭچىلەر كېچە - كۈندۈز جاپالىق بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ئۈستىنلەردە ئاۋۋالقىسىدىن ھېچقانداق پەرق بولمىغانلىقتىن، ھېچكىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. تارىمدىكى جەنۇبىي ئولتۇرۇشما بەلباغنىڭ 10 مىڭ مېتىر كېلىدىغان يېڭى پەيدا بولغان يەر قاتلاملىرى ئاستىدا نېفىت دېڭىز دولقۇنىدەك شاۋقۇنلاپ تۇرسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى. شۇنداق قىلىپ تىلسىم تارىم ئۇلارنى نېفىت ئىزلەشتە نۆلدىن باشلاشقا مەجبۇر قىلدى.

سابىق نېفىت مىنىستىرى ئاجايىپ جۇرئەتلىك ۋە ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيە بىلەن: «تارىمدا نېفىت يوق ئەمەس، بەلكىم بىزنىڭ ئۈستىنلىرىمىز ۋە ئۇسۇلىمىز بەك ئىپتىدائىي، قالاق» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ئۈچ كۆتۈرۈلمە، تۆت ئولتۇرۇشما تارىم

3 - ئومۇمىي يىغىندىن ئاخىرلىشىپلا ئامېرىكا بىلەن فرانسىيىلەر غەربىي شىمال رايونىنى تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن نېفىت مىنىستىرلىكي

گوۋۇيۈەنگە چەتئەل يەر تەۋرىتىش ئەترىتىنى يالاپ ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى سۇندى. 1982 - يىلى ئامېرىكا يەر شارى فىزىكا مۇلازىمەت شىركىتى (قىسقارتىلمىسى GSI) بىلەن جۇڭگو تەرەپ «غەربىي جۇڭگو تارىم ئويمانلىقىدا يەر تەۋرەش تەكشۈرۈش مۇلازىمەت توختامى» رەسمىي ئىمزالاندى.

مۇشۇ توختامغا ئاساسەن 500 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق 40 نەچچە ئامېرىكىلىق بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئويمانلىقتا ھەر 50 كىلومېتىردا بىردىن يەر تەۋرەش لىنىيىسى، ھەر 10 كىلومېتىردا بىردىن ئېغىرلىق كۈچ لىنىيىسى ئىشلەپ ماڭماقچى، ئۈچ يىل ئىچىدە 10 مىڭ كىلومېتىر يەر تەۋرەش لىنىيىسى، 50 مىڭ كىلومېتىر ئېغىرلىق كۈچ لىنىيىسى تاماملىنىشى كېرەك ئىدى.

GSI بولسا چوڭ نېفىت فىزىكىلىق تەكشۈرۈش شىركىتى. ئۇنىڭ 100 دىن ئارتۇق قورۇقلۇقتا يەر تەۋرىتىش ئەترىتى بار. ئىلگىرى ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر چۆلى ۋە ئاۋستىرالىيە قۇملىقىدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، مول قۇملۇق مەشغۇلات تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار بۇ نۆۋەت جۇڭگوغا كەلگىنىدە ئىلغار يەر تەۋرىتىش تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى. ئۆلچەش، كونترول قىلىش نۇقتىلىرىنى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق بەلگىلىمەكچى بولدى.

ئۈچ يەر تەۋرىتىش ئەترىتىنىڭ 146 يۈرۈش قۇملۇق ئەسۋاب ئۈسكۈنىلىرى كورلىغا يېتىپ كەلگەندە مول نەشپۈتى ۋە پەمىدۇر شىرنىسى بىلەن داڭقى كەتكەن بۇ كىچىك چېگرا شەھىرى چۆچۈگىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى. ئۈچ يەر تەۋرىتىش ئەترىتىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1830 -، 1831 -، 1832 - ئەترەت دەپ ئىسىم قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1832 - ئەترەت ئامېرىكىچە قوراللانغان جۇڭگولۇقلار ئىدى. قىسقارتىپ جۇڭگو ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى. 1830 - ۋە 1831 - ئەترىتى بولسا جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلىقىدىكى ئەترەتلەر ئىدى. 1983 - يىلى 5 - ئايدا ئۈچ ئەترەت پىلان بويىچە كورلىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ ئامېرىكىلىقلار بىلەن جۇڭگولۇقلار بىرلىشىش نەتىجىسىدە جۇڭگولۇقلار دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار بولغان نېفىت تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىكىسىغا ئىگە بولدى ھەمدە قاتار - قاتار ئۆتكۈر نەشتەردەك ئۆلچەش سىزىقى ئارقىلىق جىنسلارنى يېرىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئېنىق كۆردى. 505 گېئولوگىيە ئەترىتى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن نەتىجە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاندى.

تارىم ئويمانلىقىدا مول نېفىت گاز بايلىقى، چوڭ نېفىت گازلىق پەيدا بولىدىغان ماددىي ئاساس بارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇ رايوننىڭ يەر شارى فىزىكىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلمىسى ئۈچ كۆتۈرۈلمە، تۆت ئولتۇرۇشما ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. «ئۈچ» كۆتۈرۈلمە تارىمنىڭ شىمالىي كۆتۈرۈلمىسى، ئوتتۇرا كۆتۈرۈلمىسى، جەنۇبىي كۆتۈرۈلمىسىدىن ئىبارەت. «تۆت ئولتۇرۇشما» باي ئولتۇرۇشمىسى، شىمالىي ئولتۇرۇشمىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غەربىي شىمال ئۇلتۇرۇشمىسى، شەرقىي جەنۇب ئۇلتۇرۇشمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. تارىم ئويمانلىقى تۆت يۈرۈش ئاساسلىق نېفىت قاتلىمى سىستېمىسى تارقالغان بىر قاتلاملىق شەكىلدىكى نېفىت گازى بار ئويمانلىق ئىدى.

ئۇلار يەنە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى، تەڭرىتاغ ئارىسىدىكى قارا شەھەر ئويمانلىقىنىڭ نېفىت گازىغا ئىگە يۈرۈشلۈك كۆچلىرى توغرۇلۇق باھالاش ئېلىپ باردى. جۇڭگولۇقلار 1958 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە جاپالىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى «ھالاكەت دېڭىزى» نىڭ يەر ئاستى قىياپىتىنى ئېنىقلىدى.

## كۆيەقاپ ئېغىزى ــ لوپنۇر كۆلى

700 نەچچە يىل ئىلگىرى ماركوپولو لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇقتىن ئۆتكىنىدە تۇساتتىن غەيرىي ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ «بۇ قۇملۇق ئۇرغۇنلىغان ئەشەددىي ئەرۋاھلار پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان جاي ئىكەن. ئۇلار باردى - كەلدى ساياھەتچىلەرنى ئالداپ، ئۇلاردا بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ھالاكەت ئۆڭكۈرىگە ئېلىپ كىرىدىكەن» دەپ خاتىرىلىگەنىدى.

بىر مۇسۇلمان تارىخشۇناس لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر بازىرى كاتانىڭ ھالاك بولۇشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «جامائەت خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا قۇم يېغىشقا باشلاپ مەسچىتتىن باشقا پۈتكۈل شەھەر - بازارلار تېزدىن غايىب بولغان».

مانا بۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كىشىلەر ئالۋاستىدىن قورققاندەك قورقىدىغان لوپنۇر كۆلىنىڭ ياۋۇز قۇملۇقى. لوپنۇر كۆلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان، سۈنئىي ھەمرا تارتقان سۈرەتتىن قارىغاندا تاشپاقا قېپىسىمان توز پوستىلىرى گاھ ئوچۇق، گاھ غۇۋا كۆرۈنەتتى. شەكلى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ چوڭ قۇلاق تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرى بولۇپ، چوڭ تاغلارنىڭ قورشاۋىدىكى بىردىنبىر شامال ئېغىزى ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى بارلىق بورانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن كىرەتتى. لوپنۇر كۆلى تارىم دېڭىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق ئىزى بولۇپ، مۇتلەق قۇرغاقلىقى بىلەن يىراق قەدىمكى يىللارنىڭ قاينام - تاشقىنلىرىنى ئەسكە سالاتتى. سانسىز قىرلار، ئېرىق - قىنلار ۋە سالا شەكىلدىكى بارخانلار ئارىسىدىن بوران كىشىنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئۆتتۈشۈپ تۇراتتى.

جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلەشمە يەر تەۋرىنىش ئەترىتىنىڭ جۇڭگو ئەترىتى ئىدىيە ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېسەنكىرەپ تۇرغاندا لوپنۇر كۆلىگە ئەۋەتىلگەنىدى. جۇڭگو ئىشچىلىرى 700 يىل ئىلگىرىكى ماركوپولونىڭ بايانلىرىغا پىسەنت قىلمايتتى، ئەمما ئاشۇ يەردە غايىب بولغان ئالىم پېڭجىيامۇ ئۇلارنى دېلىغۇل قىلىپ قوياتتى. ئۇ يەر يادرو سىناق بازىسى بولۇپ، ئاتوم بومبىسىنىڭ چۈشكەن جايى بولغاچقا، رادىئوئاكتىپلىق بۇلغىنىش مەۋجۇت ئىدى. ھۆئاۋىنى ئەترەت باشلىقى جاڭ جەنىگا ئىنىكىمۇ لوپنۇرغا كىرگىسى يوق ئىدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇستى - بېشى چاڭ - توزان بىلەن تولغان، چىرايلىرى سولغۇن 1832 - ئەترەت ئاستا قەدەم تاشلاپ لوپنۇر كۆلىدىن چېكىنىپ چىقتى. بۇ بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن مەغلۇبىيەت بولدى — دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنە - جاھازلار ۋە ئىنتايىن كۈرەشچان قۇملۇق «پېشىۋالىرى»نى ئاخىر قۇم - بورانلار چېكىندۈرگەنىدى.

1988 - يىلى يەنە بىر پولاتتەك قىسىم قايتا بۆسۈپ كىرىپ، ئويلىمىغان يەردىن لوپنۇر كۆلىنىڭ لوپنۇر كەنتىگە «خوجايىن» بولدى. بۇ نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتى تەشكىللىگەن توشۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش قوشۇنى بولۇپ، بۇ قوشۇندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىي قىسىملاردا قاتتىق مەشىقنى باشتىن كۆچۈرگەن قەيسەرلەردىن ئىدى.

## نۇر دەستىسى شايار

گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بىر «302» ئۆلچەش لىنىيىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سەي فېڭ ئون بىر نەپەر مۇتەخەسسىسنى باشلاپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بۇ يەردە بىر نېفىت زاپىسىغا ئىگە تۈزۈلمىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى ھەمدە 6 مىڭ مېتىرلىق بۇرغىلاش ستانوكىنى يۆتكەپ كېلىپ مۇشۇ تۈزۈلمىدە بىر قۇدۇق قېزىشنى قارار قىلدى. بۇ قۇدۇققا «ساسەن» ئىككىنچى قۇدۇقى دەپ نام قويدى. 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ساسەن» ئىككىنچى قۇدۇقى ئەينى يىلدىكى كۆكيا بىرىنچى قۇدۇقى بىلەن ئوخشاشلا فونتانلاپ پارتلىدى. شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قېنىق يېشىل نېفىت ئۆزىنىڭ تاغنى تالقان قىلىدىغان قۇدرىتى، باسقىلى بولمايدىغان كۈچلۈك ھاياجانلىرى بىلەن شادلىق ۋە بالايى - ئاپەتنى كىشىلەرگە تاڭدى. 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوقتەك ئۇچۇپ يۈرگەن نېفىت گازى ئۇچۇرغان قۇم - شېغىللار بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ ئوت چاقنىتىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە كېچىنىڭ كۆپكۆك بوشلۇقىنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى. ئاسمان خۇددى قوياشنى كۈتۈۋالىدىغاندەك ئۆزىنى تەڭداشسىز رەڭگارەڭ پەدازلىۋەتكەنىدى. بۇ مەنزىرىگە نەچچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى كىشىلەرنىڭمۇ مەستلىكى كېلەتتى، «ساسەن» ئىككىنچى قۇدۇقى قۇدۇق فونتانلىشى بىلەن بىر ھەپتىدە 26 قېتىم ئۆزلۈكىدىن ئوت كەتتى، نېفىت قۇدۇقى ۋە قۇدۇق ۋىشكىلىرى خەۋپ ئاستىدا قالدى. كۆكيار بىرىنچى قۇدۇقى غۇلاپ كەتكەندە قالغان تۇمانلار تېخىچە ئۇلارنىڭ قەلبىنى قاپلاپ تۇراتتى. تارىم نېفىتچىلىكىنىڭ تەڭداشسىز بېسىم كۈچى «قارا» دېڭىزنىڭ كەڭلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇنى

داقلا بىرىنىڭ قۇدۇق فونتانلىشىشقا تاقابىل تۇرۇشتا ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ماددىي كۈچىمىزنىڭ بىرئاز ئاجىزلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

قۇدۇق قېزىش ئەترىتى 14 كىشىلىك پىدائىي ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۆلۈمگە قارىماي ئوت دېڭىزىغا بۆسۈپ كىرىپ بارلىق كلاپاننى ئېچىۋەتتى. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ 300 نەپەر جەڭچىسى سەككىز بال بوران ئىچىدە شامال ئەيىنەكلىرىنى تاقاپ يۈرۈش قىلىپ، ئون كىلومېتىر يولنى قىيىن ھالدا توپتوغرا بەش سائەت يۈردى. 300 جەڭچى قۇدۇق مەيدانىغا يېتىپ كېلىپلا بىردەك قىزىق نېفىت كۆلچىكىگە سەكرەپ چۈشتى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا نەچچە يۈزلىگەن ئىشچى ۋە جەڭچىلەر كۆيۈپ يارىلاندى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي سەپتىن ئايرىلغان 45 نەپەر جەڭچىمۇ بار ئىدى.

«ساسەن» ئىككىنچى قۇدۇقى فونتانلاپ 52 كۈندىن كېيىن ئاران كونترول قىلىندى. «ساسەن» ئىككىنچى قۇدۇقىدىن كۈنىگە 1 مىڭ توننىدىن ئارتۇق خام نېفىت، 200 كۇبمېتىردىن ئارتۇق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ خۇشاللاندۇرغىنى شۇكى، جۇڭگو تۇنجى قېتىم دېڭىز فاتسىيەلىك چۆكۈندە يەر قاتلىمىدىن نېفىت تاپتى. ئەگەر داچىڭنىڭ بايقىلىشىنى جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق فاتسىيەلىك يەر قاتلىمىدا نېفىت تېپىش نەزەرىيىسىدىكى زور بۆسۈش دېيىلسە «ساسەن» ئىككىنچى قۇدۇقى پۈتۈنلەي يېڭى بىر ساھەنى 40 يىل ئىنتىزار بولغان نېفىت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا گەۋدىلەندۈردى. بۇ، ئالدىراپ - تېنەپ دۇنياغا كەلگەن بوۋاق ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن ئۆزىنى ياراتقۇچىلارنىمۇ ئامالسىز قويغانىدى. نۇرغۇنلىغان تەتقىقات خىزمىتىنى باشتىن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى.

تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلىمى 8200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان «ئوتتۇرا تارىم بىرىنچى دومۇرلۇق» تۈزۈلمە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىدىغان تۇنجى تۈزۈلمىسى ئىدى. بۇ تۈزۈلمە قۇملۇقنىڭ نەچچە مىڭ مېتىر چوڭقۇر يېرىدىكى بىر چوڭ كۆتۈرۈلمە بولۇپ خۇددى بىر چوڭ كىتقا ئوخشاش شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆلىمى ئۈچ داچىڭغا باراۋەر ئىدى. ئەگەر بۇ يەردە نېفىت ئېچىلسا قارا قۇياش غەربىي جۇڭگو ئاسمىنىدا ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلۈشى شەك - شۈبھىسىز ئىدى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەچ سائەت 20دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە ئوتتۇرا تارىم بىرىنچى قۇدۇقىنىڭ 3580 مېتىر چوڭقۇرلۇقىدا ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى. دەھشەتلىك نېفىت فونتانىدىن ساقلىنىش تورۇبىسىنىڭ ئاغزىدىن نېفىت گازى ۋە سىڭگىزلىق ئېرىتمە چىقىشقا باشلىدى. شادلانغان كىشىلەر نېفىتنىڭ مىزىلىك پۇرىقىنى پۇراشقا ئالدىرايتتى. ئايرىلغان گاز يولىغا ئوت يېقىلدى، يالقۇن يىراق - يىراقلارغا ئېتىلىپ باراتتى. قىپقىزىل يالقۇن گۈلدۈرلەپ كۆيەتتى.

شادلانغان باتۇرلار توساتتىن يىغلاپ كېتىشتى. پارقىراق خۇشاللىق ياشلىرى قۇملۇقنىڭ مەركىزىگە تامچىلاپ تۆكۈلەتتى.

# بۈيۈك مەنزىل بۇگۇر

تارىمنىڭ قىرغىقىدىكى بۇگۇر تارىخ سادالىرى بىلەن تولغان بىر جاي ئىدى. بۇگۇرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا 1000 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان نېفىت گازلىق رايون بايقالغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئون نەچچە قۇدۇق ئەترىتى ۋە مىڭلىغان ھەر خىل كەسىپتىكى زىيالىيلار بۇ يەرنى ماكان تۇتتى.

1991 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇگۇرنىڭ جەنۇبىدىن چىققان ئەلا سۈپەتلىك تەبىئىي نېفىت ئۇزۇن پويىزغا لىق قاچىلىنىپ ئۈزۈلمەس سىگنال بىلەن كۆمۈر ئېقىنىغا ئەگىشىپ شەرققە قاراپ ئاقتى. تارىمدىن ئېتىلىپ چىققان قاراقان ۋە تىنىمسىزنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرىغا ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ كىردى. بۇ چاغدا دۇنيادىكى داڭلىق نېفىتلىكلەر ئاللىقاچان ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قېزىش باسقۇچىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا مەملىكىتىمىز ئېچىشقا كىرىشكەن چوڭ - كىچىك 170 نېفىتلىك كونىراشقا باشلىغان، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەبىئىي ھالدا 20 مىليون توننا كېمەيگەن. بىر نەچچە ئاساسلىق نېفىتلىكنىڭ ئومۇمىي سۇ نىسبىتى 70 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇ چاغدا مەملىكىتىمىزنىڭ يىللىق تەبىئىي نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 100 مىليون تونىنغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولسىمۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سان ئاران 129 كىلوگرام بولۇپ، دۇنيادىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساننىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيتتى.

تارىم قويىنىنى كەڭ ئېچىپ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا خاتىمە بەردى. چوڭ بىر يىگانە قارا قۇياش تارىملىقنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئاستا-ئاستا ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلدى ۋە بىپايان غەربىي دىياردىن پۈتۈن جۇڭگو زېمىنىغا نۇر چاچتى.

(خەنزۇچە «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق سانىدىن ئېلىندى).

ياقۇپ تەرجىمىسى

(بېشى 001 - بەتتە)

خۇددى كونا ھېكايىگە ئوخشاشلا ناچارلىقىنى شۇ زامانلا بايقاپ قالدى. ئۇ قەلىمىنى ئېلىپ ھېلىلا ئىجاد قىلغان ھېكايىسىنىڭ ئۈستىگە يوغان ئاچماق بەلگە ئۇرۇۋەتتى.

ئەمدى كېۋىنىڭ ئۆز ئۆيى، ياغاچ قوزۇقى، تۈۋرۈكى ۋە قاشاسى ھەققىدە ھېكايە يېزىشقا ۋاقتى ۋە قىزىقىشى پەيدا بولغانىدى. ئۇ بېشىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن تولۇنئاينى يېڭىباشتىن ياندۇرۇپ، قۇياشقا يېڭى لامپۇچكا ئورناتتى. كېيىن بۇ ھېكايىدىن تولىمۇ قانائەتلەندى، چۈنكى بۇ ھەقىقەتەن ھېكايىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چىن ھېكايە ئىدى.

## چەتئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

# دېڭىز قەبرىستانى

### ۋالېرى

### باتۇر روزى تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: دۇنيا شېئىرىيەت سەھنىسىدە تۇتقان ئورنى، باشقا شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى جەھەتتىن «20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەڭ بۈيۈك شائىر» (ئېلىيوت) سانالغان ۋالېرى (1871-1945) فرانسىيە سىمۋولىزملىق شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. ئۇ شېئىرىيەتتە ھېسسىي تەسىرات بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرنى بىرلىكتۈرۈپ ئاڭ قاتلىمى بىلەن غەيرىي ئەقىل قاتلىمىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ ئوبزورچىلار تەرىپىدىن «ئەقلىي مىستىتسىزمچى» دەپمۇ ئاتالغان. «دېڭىز قەبرىستانى» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ 20- ئەسىر دۇنيا شېئىرىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش تەقەززاسىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ئەسەرنى مۇلاھىزەڭلارغا سۇندۇق،

بۇ تىمتاس ئۆگزىدە چايقىلار كەپتەر،
ئارچىزار، مازارنى ئارىلاپ چاقنار،
ئادىل «چۈش» يالقۇنىدىن ياسايدۇ دېڭىز،
ئاھ، دېڭىز ئەبەدىي باشلىنار تەكرار!
ئويلاردىن يېشىنىپ ئېزگۈ رەھمەت ئاھ،
ئىلاھى سۈكۈتكە ئاغدۇردۇڭ نىگاھ!

ئالماستەك دۇردانە ماغزاپلار سانسىز،
ئەۋرىشىم چاقماقتىن ياغماقتا مېھنەت،
ئىجادقا سىڭمەكتە جىمجىتلىق ھەيۋەت!
تەگسىز ھالدا كۆكتە دەم ئالار قۇياش،
پاك ئەمگەك مەڭگۈلۈك ئۇچقۇندۇر پەقەت،
«زامان» چاقنىماقتا، «چۈش» تۇر پاراسەت،

مېنىرۋا ① بۇتخانىسى، تۇرغۇن خەزىنە،
تاغدەك جىم، تارتىنچاق، ئۆزىنى باققار،

ئوت پەردە ئاستىدا ئېغىر ئۇيقۇنى
ئەي، دېڭىز، سۈ كەچكەن كۆز پىنھان باقار،
سۈكۈتۈم روھىمنىڭ تەكتىدە ئايۋان،
مىڭ ئاجراپ - يېپىشقان زەر ئۆگزەمگە زار!

«زامان» بۇتخانىسى ئاھ ئۇرار ھامان،
بۇرجۇمغا ئۆرلەيمەن، لايىقمەن ئاڭا،
ئۇپۇققۇم ئىچىدە بويلايمەن دېڭىز؛
بولدۇم ئىلاھلارغا يۈكسەك ئارمىغان،
چەكسىزلىك ئىچىدە جىمجىتلىق چاقناپ،
مەسخىرە ياغدۇرا ئاسمانغا شۇ تاپ.

خۇشاللىق تامغانىدەك مېۋىلەر ئېرىپ،
ۋە يوقاپ كەتكەنىدەك شېرىنلىك بېرىپ،
ئۇ ئېغىز شەكلىدە بولىدۇ غايىب،
شورايمەن كەلمىشىمنىڭ تۈمانىنى مەن،

① مېنىرۋا — رىم ئەپسانىلىرىدىكى سەنئەت ۋە ئەقىل ئىلاھى،

باھاردىم شەكىللىك ئەرۋاھلار سىياق
شاۋقۇندا كۆيلىنەر شەكىللىك قىرغاق.

ئەي گۈزەل، پاك ئاسمان، مەن ئەجەبرە ڭۋاز!
ئۈتكۈزدۈم كۆپ يىلنى ئۇرغىنىمچە لاپ،
يىغلىپ، ئارقىلىپ، تاشسامۇ قايناپ،
نۇرلۇق چەكسىزلىكتە تۇردۇم قەد رۇسلاپ؛
ئەرۋاھىم قەبرىنى بېغىرلاپ ئۆتەر،
ئايلاندىم ئاڭا بوپ مەنمۇ ھەمسەپەر.

ئەكس روھىم، تومۇزغا ئوت ياققان ئوتقاش،
تەشۋىشلىك نۇرلاردىن تاشقان ئادالەت،
دەللىك ئىككىلىمەن ئوق بولساڭمۇ گەر!
قايتۇردۇم ئەسلىڭگە يالىڭاچ ئەنە،
كەلگەنسەن ئەينەكتىن... قايتساڭمۇ نۇرغا
سىرلارنى چىللايسەن ھاڭلاردىن يەنە.

ئاھ تەنھا بىر ئۈزۈم ئۈچۈن يىغىنىمەن—
قەلبىمگە، شېئىرلار بولاقلىرىغا،
يوقلۇق ۋە ساپ ھەرىكەت ئوتتۇرىدا دەل
كۆتىمەن ئەكس سادا، ئىچكى سەلتەنەت.
(كۆلچىكىم جاراڭلىق، قىرتاق ۋە تۇتۇق)
بار ياڭراق روھىمدا ئەبەدىي بوشلۇق.

بىلىدىڭمۇ ياپراقتى قوغلاشقان بوغۇر،
تۆمۈر قاشالارنى يالمايسەن بەرھەق،
كۆزۈمنى يۇمساممۇ غىدىقلار سىرلار،
قاي گەۋدە كۆزۈمگە كۆرسەتتى يايلاق؟
سۆڭەكلەر يۇرتىغا ئەۋەتتى قاي باش؟
مەن يۈتكەن يۇرتۇمنى ئەسلەر بىر يۇلتۇز.

قىستاڭ، پاك، شەكىلسىز ياقۇنلار تولغان—
بۇ تۇپراق نۇرلارغا بولدى ئارمىغان،
ئوتقاشلار كۆتۈردۈم، ئامراقمەن ئاڭا،
سايىلەر تەۋرىنەر، زەر تاشلار سانجاق،
ھەر بىر روھ ئۈستىدە تىترەر بىر مەرمەر،
پاك دېڭىز قەبرىمدە ئۇخلايدۇ پىنھان.

سادىق ئىت قوغلايدۇ بۇتپەرەسلەرنى!
قوي مېنى يىگانە، كۆلەي چوپاندەك؛
باققىمەن خاتىرجەم سىرلىق قويلارنى—
تىمتاس قەبرىلەرنى ئاق تاش ئورماندەك.
قوغلىغىن تارتىنچاق كەپتەرلەرنى ھەم،
گۈزەل پەرىلەرنى چۈشلەرنى بۇ دەم!

كەلمىشتە ئەزىملىك لىق، كەلدى ئادەم؛
تومۇزغا چىر-چىرى تۇپراقنى سىپارە،
كۆيدى ۋە يوقالدى كۈل بولۇپ ھەممە،
ئايلاندى پاك بىر خىل جەۋھەرگە يەنە...
تۇمانلار تارار مەست چەكسىز دۇر ھايات،
ئاچچىق بولدى تاتلىق، ھۇش روشەن ھەييات!

ئۆلگەنلەر قەبرىدە دەم ئالار بىغەم،
يەرتەكتى سىرلارنى قۇرۇتار قاقلاپ؛
يۈكسەكتە تۇرغان «چۇش» قىممىرلىماس
«چۇش»
زەن سالار بارىمغا، تۇرىمەن چاقناپ...
ھەيۋەتلىك گۆھەرتاج، ئەي مۇپەسسەل باش،
مەن سىرلىق ئۈزگەرگەن تەركىبىڭ ئوخشاش.

مەن سېنى كۆتۈرگەن ۋەھىمە پەقەت!
مەندىكى خورلىنىش تەشۋىش ۋە گۇمان،
چەككەندۇردەل بۈيۈك گۆھىرىڭگە دەز!...
مەرمەر تاش تەكتىدە ئەي تىرەن زۇلمەت،
تۆھپەڭنى بىر-بىرلەپ قوبۇل ئەيلىبان،
يىلتىزغا يىغىنلار غوۋۋا ئالامان.
ئېرىڭگەن بوشلۇققا ئايلىنىپ ئۇلار،
يۇتقان ئوخشاشلىقنى گۈلگۈن پاتقاقلار،
گۈل-گىياھ ھاياتقا بېغىشلار راھەت،
ئۆلگەنلەر يوسۇنى، يەككە سالاپەت،
دىلكەشلىك قەيەردە بۈگۈن، بارمۇ-يوق؟
ياش تۇغقان كۆرلەردە يىپ ئېشەر بۇزۇق.

قىزلار چىرقىرايدۇ قوزغاپ ھاياجان،
كۆزلىرى بولاقتەك، كىرپىكلىرى نەم،

ئوت بىلەن ئويناشقاق ئىززىتىڭ ئەمچەك،
لەۋلەر يېقىنلاشسا چېھرى شەلپەر ھەم.
ئەۋرىشىم بارماقلار ئاداققى تارتۇق،
تۇپراققا قايتمىشتى، بولدى چۈشتەك يوق.

خىيالىي مەنزىرەم نەقەدەر رەڭدار،
سەندە يوق بۈندىكى سۈزۈكلۈك ۋە زەر،
شەن بۈيۈك روھىمنىڭ تارتۇقى كۆزگە.
ئىستەك تارايسەنۇ تىنمايسەن كۆيلەپ!
بولدى بەس، مەۋجۇتمەن، بوشلۇقمۇ بار،
مۇقەددەس تىتىمتا سىلىق كەلمەس ھەم تەكرار.

داق سۆڭەك بۇرجىنى پۈركىۋالغان تۈن،
ئۆلمەسلىك تاجىدا بەزلەيدۇ ھەردەم،
ئۆلۈمنى كۆرسىتىپ ئانىلىق قۇچاق؛
ئەي گۈزەل ئالۋۇن، ئەي بۈزرۈكۋار ئويۇن!
بىر قاراپ كۆرەلمەس ھېچكىممۇ سېنى،
ئالدىنار قۇپقۇرۇق سۆڭەككە ھەررەت،
ئەبەدىلىك كۈلكىنى تىڭشايدۇ پەقەت!

ئەي چاللار، ئېگىزدىن يوقالغان ماكان،
تەنلىرىڭ يۈكلىگەن پاتقاقلارنى ھەم،
تۇپراق - تە، ماڭسا قىمۇ ئاڭلىيالماس ھېچ؛
تاش تاختاي ئاستىدا ئۇخلىغان ئاۋام؛
بىر بالا نەپىسىم بار، شەكسىز بار مەددە،
ئۇ ياشار، باغرىمدىن ئايرىلالماس ھېچ!

سۆيگۈمۇ، ئۆزۈمگە نەپرەتتۇر بەلكىم؟!
ئۇ سىرلىق چىش بىلەن ھەمنەپەس ماڭا،
نېمە دەپ ئات قويسام لايىقتۇر ئاڭا!

كۆرەلەر، يېپەلەر، ئويلىيالار ئۇ،
تېنىمگە بەك ئامراق، ئەگىشەر ھامان،
ئۇ ھايات بولغاچقا سۈرىمەن دەۋران!

ئەي زېنون ① ئەي ۋەھشىي ئېلېئالىق زىنو!
باغرىمنى چاك قىلدى سەن ياغدۇرغان ئوق،
ئۇ مەيلى تىترىسۇن، ئۆچسۇن - ئۆچمىسۇن
ئۇ ئۆزلەپ جان بېرەر، تەگسىلا جان يوق!
ئەي قۇياش، كۆردى كۆپ ئىشلارنى روھىم،
يەلتاپان ئاكېللېس ② بوپ قالدى ھەم جىسىم!

ياق، ياق!.. تۇر! ئۈزۈلمەس كەلمىشكە تاشلان!
ئەي تېنىم، ئېزىلگەن، ئويغا غەرق شەكلىم!
ئەي باغرىم، ھامىلە شامالغا ئېچىل!
قايتۇردى روھىمنى دېڭىز سۈرگەن دەم،
ئەي تۇزلۇق شىجائەت! دېڭىزغا چۆكتۈم،
لەيلىسەم شىجائەت تەك لەيلەيدۇ ھەم!

تۇغما مەست دېڭىزغا مەنسۇپمەن بەرھەق!
گۈزەل مۇرە يوپۇقتا، قاپلان پوستىدا،
رەڭگارەڭ تۈس بىلەن بالقىيدۇ قۇياش،
زەڭگەر تېنىمنى دەپ يىلانلار سەرخۇش،
چىشلەيدۇ يالتىراق قۇيرۇقىنى ھەم،
تىپتىنچ سەتھىدە قوزغايدۇ سۈرەن.

ياشاشتۇر بىرلا يول!... ئۆرلىدى شامال،
كىتابنى ۋاراقلاپ - ياپتى ھەم ھاۋا،
دولقۇنلار تىك ھاڭدىن چاچرىتار بۇژغۇن!
ئۇچۇپ كەت ۋاراقلار قاماشتۇرماي كۆز!
ئاق يەلكەن دان ئىزدەر بۇتىنچ ئۆگزىنى،
زەرپ بىلەن يىرتىۋەت، كىرلىشىپ دولقۇن!

① زېنو (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 490—432) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، ئۇچۇۋاتقان ئوق مىدىرلىمايدۇ نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

② يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان ئاكېللېسنى كۆرسىتىدۇ.

# ھېكايە توقۇش

دىئوكا ئىدىناس [شۋېتسارىيە]

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: دىئوكا ئىدىناس (1929) رومان تىلىدا يازىدىغان يازغۇچى، شائىر ۋە دراماتورگ. 1976 — 1978 – يىللىرىدا شۋېتسارىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇنىڭ «ھېكايە توقۇش» ناملىق بۇ ھېكايىسى ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى ئارقىلىق شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەركىن مەنىۋى مۇھىتنى ياراتقان، ئەمما بۇ ھېكايە باشقا غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىدىكى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بەك مۇرەككەپ ئەمەس.

تام سائىتى چىك-چاك، چىك-چاك قىلىپ ماڭماقتا. گېۋدىن بارلا ئۆزىنىڭ كىچىك ئۆيىدە ئىدى. تام سائەت قاچاندىن باشلاپ چىك-چاكلاۋاتىدىكىن؟ بەلكىم ئەزەلدىن ئاشۇنداق چىك-چاكلاۋاتىدىغاندۇ. گېۋدىن قاچاندىن باشلاپ بۇ كىچىك ئۆيىدىكىن؟ بەلكىم بۇرۇندىنلا بۇ ئۆيىدىدۇ. ئۆي كىچىكلەپ قالدىمۇ ياكى گېۋدىن چوڭلاپ كەتتىمۇ؟ گېۋدىن ئۆي ئىچىدە توختىماي مېڭىپ يۈرەتتى. تام سائىتى چىك-چاك، چىك-چاك قىلىپ ماڭماقتا، كېيىن ئۇ قەدىمىنى توختاتقاندىلا ئۆزىنىڭ توختىماي ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەممە نەرسە ئايلانماقتا، توختىماي ئايلانماقتا. ئۇنىڭ ئىدىيىسى بۇ كىچىك چەمبەر بىلەن چەكلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قېنى ئايلانماقتا. ئۇنىڭ ھېسسىياتى كىچىك دائىرە بىلەن چەمبەرلىنىپ قالغان، ئۆزىمۇ كىچىك دائىرىگە قاپسىلىپ قالغانىدى. دۇنيانىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ كىچىك ئۆيچىلىك بار ئىدى. ئۇ كاللىسى بىلەن ئاسماننى تىرەپ تۇراتتى. تىرەپ تۇرغان يۇلتۇزلار چۈشۈپ كېتەي، چۈشۈپ كېتەي دەپ، ئاخىرىدا ئۆچۈپ قالدى. تولۇنئاي ئاسماندىن چۈشۈپ كەتتى، قۇياش لامپۇچكىسى پىتچىت بولۇپ نۇر چېچىشتىن قالدى. گېۋدىن سىيادەك قاپقارا كېچە قوينىدا تۇراتتى. قاراڭغۇدا بۇ كىچىك ئۆينىڭ ياغاچ قوزۇقىغا سوقۇلدى-دە، قوزۇقنى قومۇرۇۋەتتى، ئۇ قومۇرۇلغان قوزۇققا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ كىچىك، ئاجايىب كىچىك ئۆيدە تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ ئۆپچۆرىسى تۆمۈر چىۋىقتا قاشالانغانىدى.

گېۋدىن بۇ كىچىك ئۆيدىكى سىقىلىشتىن قۇتۇلاي دەپ ھېكايە قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ قېزا ھەققىدە ھېكايە توقۇدى، قېزا توغرىدىغا نىسېرى ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، قېزا ھەددى-ھېسابسىز ئۈزۈلۈپ دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىگە يەتكەنىدى. بۇ ھېكايە تولىمۇ ئۇزۇن توقۇلغان بو-

لۇپ، دۇنيادىكى ھەنىنۋا كىتابلارغىمۇ سىغمايتتى. شۇڭا، گېۋدىن يېڭىباشتىن ھېكايە توقۇغىلى تۇردى. ئۇ بۇ دۆرەم بىر ئادەمنىڭ قاراجەسەت ساندۇقىغا مىخلىنىپ تىرىك كۆمۈلگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە توقۇغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ جەسەت ساندۇقىدا يېتىپ مەسىلەلەرنى ئويلىنىشقا يېتەرلىك ۋاقتى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيادا ياشاشقا ئەرزىمەيدىغانلىقى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قاراجەسەت ساندۇقىغا مىخلىنىپ تىرىك كۆمۈلۈشكە لايىق ئىكەنلىكىگە تەن بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر ھېكايىنى توقۇپ چىقماقچى بولدى. ئۇ پەقەت دۇنيادىكى بىر ئادەم توغرىسىدىلا ھېكايە توقۇپ چىقتى. بۇ زات دۇنيادا پەقەت بىرلا ئىدى. ئۇ پۈتۈن يەر شارىدىكى بارلىق ئۆي ۋە ماشىنىلارنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالغانىدى. بىراق ئۆيلەر كونىراپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ بۇ ئۆيلەرنى ياساپ بەرمىدى. بارلىق ماشىنىلار كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بۇ ماشىنىلارنى يۆتكىشىپ بەرمىدى. ئامباردىكى ئاشلىقلار چىرىپ، قازناقتىكى يېمەكلىكلەر سېسىپ كەتتى. دۇنيادىكى بىردىنبىر ئادەم گەرچە بارلىق ئۆي-جاي ۋە ماشىنىلارنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ بەرىبىر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن گېۋدىن يەنە بىر يېڭى ھېكايە تاپتى.

دۇنيادا ئەرلەردىن پەقەت بىرسىلا بار ئىدى. ئالەمدىكى ساھىبجامالларнىڭ ھەممىسىدىن ئاشۇ بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز قالغۇچە كۆڭۈل ئاچاتتى. بىراق ئاياللارنىڭ ھەر بىرى ئۇنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىشىنى ئويلايتتى. شۇنداق قىلىپ، پۈتكۈل ساھىبجاماللارنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالغان بۇ ئەر تالاش-تارتىشتا قېلىپ پارە-پارە قىلىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايە تېخى باشلىنار-باشلانماستىنلا ئاخىرلىشىپ قالدى.

سائەت بىر خىلدا چىك-چاك، چىك-چاك قىلىپ ماڭماقتا.

گېۋدىن يەنىلا ئۆيدە ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى توقۇغان بولسىمۇ، لېكىن بىر ھېكايىنى يەنى گېۋدىننىڭ كىچىك ئۆيىگە چىڭ بېكىنىۋالغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ھېكايىنى توقۇشقا ھەپىلىسى بولمىسىمۇ ئۇ خۇدا بولغۇسى كېلىدىغان بىرسى توغرىسىدىكى ھېكايىنى توقۇغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئاسماننىمۇ، زېمىننىمۇ ئىگىلىگۈسى كېلەتتى. ئەمما ئاسماندىكى ئىلاھلار ئۇنىڭ ئاسماننى ئىگىلىۋېلىشىغا قايىل بولمايتتى. چۈنكى ئۇ خۇدا ئەمەس، بەلكى بەندە ئىدى. زېمىن باغرىدىكى پۇقرالارمۇ ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ خۇدا بولغۇسى كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاسمان بىلەن زېمىن خۇدا بولغۇسى كېلىدىغان ئادەم بىلەن بىللە ۋەيران بولدى.

ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گېۋدىن ئىشنى يېڭىباشتىن باشلاشنى ئەۋزەل كۆرۈپ، پۈتۈنلەي يېڭى بىر ھېكايىنى توقۇپ چىقتى. ئۇ ئادەملىرى پۈتۈنلەي يېڭى ۋە باشقا بىر خۇداسى بولغان بىر دۇنيانى ياراتقانىدى. ئەمما ئۇ يېڭى ھېكايىنىڭ

(داۋامى 95 - بەتتە)

# شېئىرلار

ئەركىن ئىسلام [قازاقىستان ئۇيغۇر شائىرى]

## خىجالەت بولمەن

ئۆزۈمنى تاغنىڭ سۆيىدەك ھېس قىلىپ
تولغىنىپ ئاقمەن، تاشلارنى «ئېمىپ»
مىخ بولۇپ قېقىلىپ قالمەن بەزەن
ياغاچنىڭ قەدرىنى شۇندىلا بىلىپ.

ئاچچىق بىر ئاۋاز كەلسە تېگىرقاپ
تەشۋىشىم كۈچىيىدۇ ھەم چالا ئۇخلاپ
كەچكى غىزاغا ئولتۇرغىنىمدا
مېھمان كۈتىمەن، يېيىشتىن توختاپ.

خىجالەت بولمەن گەر ماجىرا كۆرسەم
بايقىماي چوڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم
تېرىكىپ بوغۇلۇپ كېتىمەن بەزەن
ئادەملەر ئىچىدىن يىراقتا كەتسەم.

زورلاپ ئۆزۈمنى تويغا ئاتىمىدىم
دوستلارنى ھېچقاچان ياۋغا ساتمىدىم
بولۇپ مەقسەتسىز، يولدىن ئادىشىپ
چىرماشقان ئويلارغا شۇڭغۇپ ياتمىدىم.

## مەڭدەپ قالغان بار

يولدىن چەتنەپ، مەڭدەپ قالغان بار
تەن بەرمەي، توغرا مەنزىل تاپالماي
جاھان ئۇنداقتا بولىدىكەن تار
ئالدىدىكى يولنى ئىلغا قىلالماي
كۈچىنى چاغلىماي چالما ئاتىدۇ
ماڭغان يولۇڭنى توسۇپ ياتىدۇ
تەتۈر قۇيۇنغا ئېگىدۇ باشنى
نامىڭنى بۇلغاپ قوشاق قاتىدۇ.

## خېمىرتۇرۇش

خېمىرتۇرۇش دېسە كۆزگە ئىلمايدۇ
ئۇ بولمىسا نان مەززىلىك بولمايدۇ
خېمىرتۇرۇش سالماي ياققان پېتىرنان
يېگەن چاغدا پەقەت كۆڭۈل تولمايدۇ.

قىزىق ئىكەن ئىنسانلارنىڭ بەزىدە
خېمىرتۇرۇش سېزىلىدۇ سۆزىدە
بەزىلەرنى بۆلىگەنمۇ ھۆرمەتكە
خېمىر تۇرۇش بارلىقىمۇ ئۆزىدە.

## ئىلى دەرياسى

(ناخشا تېكىستى)

بۇ دەريانى كۆرسەم
دىلدا بىر ئوت يانىدۇ
ئۇچۇم سۆيىنى ئىچسەم
ئۇسسۇزلۇقۇم بەك قانىدۇ.
ھەر تامچىدا يۇرت مېھرى
قەلبلەرنى يورۇتار
دېھقان تەرى مىسالى
دىلىمىزنى ئويغىتار
جۇشقۇنلار تۇرغان ھەردەم
ئۇيغۇرۇمنىڭ يۈرىكى.

ئىلىمنىڭ شارقىرىشى
كۆيىمىزگە كۈي قاتتى.
قاپچاغاي يورۇقىدىن
تۈنلەردىمۇ تاڭ ئاتتى.
بۇ دەريا شاۋقۇنى
بىزنى ھەر دەم ئويغىتار
ئۇچۇم سۆيىنى ئىچسەك
قەلبىمىزنى يورۇتار.
قايتۇرمىسى:
ئىلى — دالا تىرىكى
ئىككى ئەلنىڭ كۆۋرۈكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەزەللەر

(ئەلشىر ناۋايىنىڭ شۇ ناملىق كىتابىدىن تاللانما)

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىلكەئسى ئەنۋارۇلھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كور، دەپ، جامدىن چىقتى سەدا.
(قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شۇلىسىدىن ھىدىت نۇرى
چاقنىدى جامدىن: يارنىڭ ئەكسىنى شارابتا كۆرگىن، دېگەن سادا چىقتى.)

غەيرنەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا.
(كۆڭۈل جامىدا غەيرىي تەسەۋۋۇردىن غەم غەشلىكى پەيدا بولسا،
ئەي ساقى، بۇنى ۋەھدەت① شارابىدەك تازىلىغۇچى يوق.)

ئەي، خۇش ئۇل مەيكىم، ئاڭا زەرف ئولسا بىر سىنغان سەفال،
جام ئولۇر گېتىنەما، جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا.
(ھەي، مەي شۇنداق ياخشى نەرسىكى، قۇيۇلغان قەدەھ سۇنۇق
ساپال بولسىمۇ، ئۇ، جەمشىت تىلەپ ئىچكەن جاھاننەماغا تەڭ جام.)

جامۇ مەي گەر بۇيلەدۇر، ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر،
يۈز جەھان ھەردەم نىسار، ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان فىدا.
(جام ۋە شاراپ شۇنداق نەرسىكى، ئۇ جام ئۈچۈن يۈز جاھاننى
چاچقۇ قىلىپ، مىڭ جاننى پىدا قىلسا ئەرزىيدۇ.)

دەير ئارا ھوش ئەھلى رەسۋا بولغانى، ئەي مۇغبەچە②،
جامى مەي تۇتساڭ مېنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.
(ھوشى بار ئادەملەر شارابخانىدا رەسۋا بولۇشقا كېلىدۇ،
ئەي مۇغبەچە، شاراب جامىنى تۇتساڭ، مېنى دىۋانىدىن باشلا.)

تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇد، مەھۋ ئولغاي ھەم ئولدەم مائەدا.
(ئاشۇ كۆڭۈل جامىدىكى مەيدىن مەقسەت چېھرىسى
جىلۋىلەنگەنسېرى نازۇ-نېمەت بىر ياقتا قالىدۇ.)

---

① ۋەھدەت — بىرلىك، تەنھالىق.
② مۇغبەچە — مەي تۇشۇغۇچى يىگىت.

ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرە، كىم،
جامۇ مەي لەفزىن دېگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.
(ۋەھدەتكە مەي ھەم جام بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن، كىم مەي
بىلەن جام سۆزىنى تىلغا ئالسا، ئۇنى ئىسپادە قىلالايدۇ.)

سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇت ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفئ ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا.
(سەن ئويلىغاندىن باشقا، جام ۋە شاراب مەۋجۇت، ئەي زاھىد،
بىلمەسلىكتىن ئىچەرمەنلەرنى قوغلاپ يۈرمە.)

تەشنەلەب ئولمە نەۋائى، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن،
«ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەل ئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.
(ئەي نەۋائى، چاڭقاپ يۈرمە، تەقدىر ساقىسىدىن:
«ھەي تەشنالار، ئىچىڭلار!» دېگەن ئاۋاز كېلىۋاتىدۇ.)

× × ×

سىنسا كۆڭلۈمدە ئوقۇڭ، سۇرتۇب ئىسىغ قانىدىن ئاڭا،
پەي مەسەللىك چىرماغايمەن رىشتەئى جانىدىن ئاڭا.
(ئوقۇڭ كۆڭلۈمگە سانجىلىپ سۇنسا، ئىسسىق قان بىلەن سۈرتىمەن،
ئۇنى خۇددى پەي بىلىپ، جان رىشتىسى بىلەن باغلايمەن.)

بادەئى لەئلىڭ مىزاجى روھپەرۋەردۇر بەسى،
گوييا مەمزۇج ئېتىبسەن ئابى ھەيۋانىدىن ئاڭا.
(لېۋىڭ شارابىنىڭ تەبىئى تازا جان بېغىشلايدۇ، گويا
ئۇنىڭغا سەن ئابىھايات سۈيىنى ئارىلاشتۇرغاندەك.)

ئوقى كۆڭلۈم شۇئلەسىن گاھ ساكىن ئەتتى، گاھ تېز،
گاھ ئوتتۇن بولدى، گاھى سۇ ئۇردى پەيكانىدىن ئاڭا.
(ئوقۇڭ كۆڭلۈم يالقۇنىنى گاھى پەسەيتىپ، گاھى ئۇلغايتتى، چۈنكى
كۆڭلۈم گاھى ئوتتۇن بولدى، گاھى ئۇنىڭغا كىرپىكىدىن سۇ چاچتى.)

دەردۇ غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسىدۇر كۆڭلۈم قۇشى،
گۇل بولۇپ جىسمىمدا كەسكىن نەئل ھەر يانىدىن ئاڭا.
(كۆڭلۈم قۇشى دەردۇ-غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسى، ئۇ
ۋۇجۇدۇمغا ھەرخىل رەڭدار گۇل بولۇپ بېسىلغان.)

نى كەبۇتەر يەتتە ئالۇر ئول قۇياشقا، يا نەسىم،
ئەي كۆڭۈل ھالىمنى ئېيئلام ئەيلە ئەفغانىدىن ئاڭا.
(ئۇ قۇياشقا يا كەپتەر يېتەلمەيدۇ، يا تاڭ شامىلى؛ ئەي
كۆڭۈل، ئۇنىڭغا ھالىمنى پەرياد چېكىپ مەلۇم قىل.)

كۆزگە تاكىردى خەيالىڭنى، ساۋۇغ ئاھىم ۋەھىمىدىن،
باغلامىشمەن قۇريا ھەر سارى مۆژگاندىن ئاڭا.
(تەسەۋۋۇرۇڭ كۆزۈمگە ئورناشتى، سوغۇق ئاھىمدىن ئەنسىرەپ
ۋە ۋەيرانە ئۆيىنى كىرپىكلىرىم بىلەن تاقاپ قويدۇم.)

ئەي نەۋايى، يىغلىماق ئاھىمغە تەسكىن بەرمەدى،
ۋەھ، بۇنى ئوتدۇركى، يوق تەسىرى توپاندىن ئاڭا.
(ئەي نەۋائى، يىغلاش مېنىڭ ئاھ - زارىمنى باسالمىدى،
ئاھ، بۇ قانداق ئوتتۇر، توپانمۇ تەسىر قىلالمايدىغان؟)

× × ×

ۋەھكى ئىشقىمنى زاھىر ئەتسەم ۋەھىم ئېرۇر ئولمەك ماڭا،
گەر نىھان تۇتسام داغى جان خەۋفىدۇر بىشەك ماڭا.
(ئاھ، ئىشقىمنى ئاشكارىلىسام، ماڭا ئۆلۈم ۋەھىمى كېلىدۇ،
پىنھان تۇتاي دېسەم، شەكسىزكى، يەنە جېنىمغا خەۋپ يېتىدۇ.)

كەلگەن ئېرمىش ئول مەسىھ ئۆلگەنلەردىن تىرگۈزگەلى،
مەن تىرىك، ۋەھ، ياخشىراق بۇ ئۆمىردىن ئولمەك ماڭا.
(ئەيسا مەسىھ ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرگىلى كەلگەن ئىمىش، ئەپسۇسكى،
مەن تىرىك. بۇنداق ئۆمۈردىن ماڭا ئۆلۈم ياخشىراق ئىدى.)

جۆزۋۇ - جۆزۋۇمنى، فىغانكىم، مەنفەك ئەتتى تىغى ھەجر،
بىر - بىرىدىن لىك ئۈزىدۇر جۆزۋى لا يەنفەك ماڭا.
(ئاھ، ھىجران تىغى ئۈزگە - ئۈزگەلىرىمنى ئاجرىتىۋەتتى، لېكىن
ئۇلار ماڭا بىر - بىرىدىن ئاجرالماس ئەزالار ئىدى.)

كۆڭلۈم ئوتىدىن ياغاچ كۆلدۇر، باشاق بىر قەترە سۇ،
ناگەھ ئول شوخى جەپاكىش ئاتسا بىر ناۋەك ماڭا،
(ئۇ جانغا جاپا شوخ ماڭا كىرپىك ئوقىنى بىر ئاتىدىغان بولسا،
كۆڭلۈم ئوتىدىن ياغاچ كۆلگە، ئوقىنىڭ ئۇچى بىر تامچە سۇغا ئايلىنىدۇ).

ئالتۇن ئېزىلىپ - ئېرىپ كۆيگەن سايىن خالىس بولۇر،
نى ئەجەپ سارغارسا يۈز يەتكەن سايىۇ ئەمگەك ماڭا.
(ئالتۇن ئېزىلىپ - ئېرىپ كۆيگەنسېرى ساپلىشىدۇ، دېمەك، مەن
كۆلپەت تارتقانسېرى سارغايسام نېمە بوپتۇ.)

چاك ئەيلەرمەن ياقا ئول قاشى يانى كۆرگەچ - ئوق
كىم، خەدەنگىن ئاتسا ھايىل بولماغاي كۆڭلەك ماڭا.

(ئۇ قېشى يانى كىرىۋىش بىلەنلا، يا قامىنى يىرتىمەن،
چۈنكى، يا ئوقى ئېتىلسا، كۆڭلەك دالدا بولالمايدۇ - دە.)

بادە ھەجرىدىن ئاقارمىش كۆزلەرىم، ئەي پەرى دەيىر،
ئەيلەگىل مەي شىشەسىدىن سىندۇرۇپ ئەينەك ماڭا.
(شاراب خۇمارىدىن كۆزلىرىم خىرەلەشتى، ئەي مەيخانىچى،
شاراب شىشىسىنى سۇندۇرۇپ ماڭا ئەينەك قىلىپ بەرگىنە.)

سەر - سەرى ھىجران ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن ئانداق ساۋۇر
كىم، فەنا يولىدا سەرسەر بولماسۇن ھەمتەك ماڭا.
(جۇدالىقنىڭ بورىنى ۋۇجۇدۇم خامىنىنى توزۇتىدۇ،
يوقىلىش يولىدا ماڭا بوران ھەمراھ بولمىسۇن.)

ئەي نەۋائى، گەر ماڭا كوبىرەك ئەمەس ئۈممىدى ۋەسل،
بەس، نەغۇ ئىشقىدىن جەۋرى ئېرۇر كوبىرەك ماڭا.
(ئەي ناۋائى، نېمىشقىدۇر مەن ئۈچۈن ۋىسال ئۈمىدى كۆپ ئەمەس،
بىراق ئاشىقلاردىن كېلىدىغان جەۋرى كۆپ).

× × ×

كۆرگەلى ھۆسنىڭنى زارۇ مۇبتەلا بولدۇم ساڭا،
نى بەلالىغ كۈن ئىدىكىم، ئاشنا بولدۇم ساڭا.
(ھۆسنىڭنى كۆرۈش بىلەن ساڭا باغلىنىپ قالدىم،
ئۇ نېمە بالالىق كۈن بولغىنىكى، ساڭا ئاشىنا بولىدىغان).

ھەر نېچە دېدىمكى: كۈن - كۈندىن ئوزەي سەندىن كۆڭۈل،
ۋەھكى، كۈن - كۈندىن بەتەررەك مۇبتەلا بولدۇم ساڭا.
(سەندىن بارغانسېرى كۆڭۈل ئۈزەي دەپ ھەرقانچە قىلساممۇ،
ۋاي داد، بارغانسېرى ساڭا چىڭ باغلىنىپ قالدىم.)

مەن قاچان دېدىم: «ۋەفا قىلغىل ماڭا»، زۇلم ئەيلەدىڭ،
سەن قاچان دېدىڭ: «فىدا بولغىل ماڭا»، بولدۇم ساڭا.
(مەن قاچانكى «ۋاپا قىل» دېسەم، زۇلۇم سالدىڭ، بىراق سەن،
قاچانكى «ماڭا پىدا بول» دېسەڭ، پىدا بولدۇم.)

قاي پەرى پەيكەرغە دەرسەن تەلبە بولدۇڭ بى سىفەت،
ئەي پەرى پەيكەر، نى قىلساڭ قىل، ساڭا بولدۇم ساڭا.
(قايسى پەرى پەيكەر ئۈچۈن مۇنچىۋالا تەلۋە بولۇپ كەتتىڭ دەيسەنغۇ،
ئەي پەرى پەيكەر، نېمە قىلساڭ قىل، مەن سەن ئۈچۈنلا شۇنداق بولدۇم.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەي كۆگۈل، تەركى نەسەھەت ئەيلەدىڭ، ئاۋارە بول،
يۈزبەلا يەتمەسكى، مەن ھەم بىر بەلا بولدۇم ساڭا.
(ئەي كۆگۈل، نەسىھەتنى ئاڭلىماي، ئاۋارىچىلىقتا قالدىڭ،
يۈز بالا يەتمىگەندەك، مەنمۇ ساڭا بىر بالا بولدۇم.)

جامى جەم بىرلە خىزىر سۈيى نەسىبەمدۇر مۇدام،
ساقىيا، تا تەركى جاھ ئەيلەپ گەدا بولدۇم ساڭا.
(جەمشىتنىڭ جامى بىلەن خىزىرنىڭ سۈيى (ئابىھايات) دائىمى
نەسىبەم ئەي ساقى، شۇڭا مەنسۇپنى تاشلاپ، ئالدىڭغا تىلەمچىلىك
قىلىپ كەلدىم.)

غۇسسە چەكمىدىن نەۋائى تاپمادىم ئۇششاق ئارا،
تا نەۋائىدەك ئەسرۇ بىنەۋا بولدۇم ساڭا.
(ئاشىقلار ئارىسىدا غەم چاكمىدىن (سازدىن) پەيزى ئالالماي،
ناۋائىغا ئوخشاش ساڭا بىچارە ئەسىر بولۇپ قالدىم.)

بولسا ئىككىمىزنىڭ يۈزى ئەكسى سۇدا پەيدا،
ئول سۇنى تەرەف بارسا ئاچىلغاي گۈلى رەئنا.
(ئىككىمىزنىڭ شولىسى سۇغا چۈشىدىكەن،
ئۇ سۇ قاياققا ئاقسا، شۇ ياقتا رەنا گۈللەر ئېچىلىدۇ.)

زۇلفۇڭ غەمى كۆڭلۈمنى دىلىڭ فىكرىدگە سالدى،
كۆركىم، نى خەيال ئىچرە سالىبتۇر ئانى سەۋدا.
(ئۆرۈم چېچىڭنى ئويلاپ، خىيالىم بېلىڭ تەرەپكە كەتتى،
قارا، سەۋدالىق كىشىنى ھەرخىل ئويغا سالىدىكەن - ھە.)

غەۋغا قىلۇر ئەل مەھۋەشلەر كويىدا، لېكىن
مەھۋەشلەر ئىشى قىلماق ئانىڭ كويىدا غەۋغا.
(كىشىلەر ئاي جامالالارنىڭ كوچىسىدا غەۋغا قىلسا،
ئاي جامالالار ئۇنىڭ كوچىسىدا غەۋغا قىلىدۇ.)

ئەھۋالىمە فەرھاد ئىلە مەجنۇنغە تەئەججۇب،
ئىشىق ئەتتى خىرەد ئەھلى قاشىدا مېنى رەسۋا.
(مېنىڭ ئەھۋالىمغا پەرھاد، مەجنۇنلارمۇ ھەيران قالىدۇ؛
مۇھەببەت مېنى ئەقلى - ھوشى بارلار ئالدىدا رەسۋا قىلىۋەتتى.)

ھەر سارى تاماشاغا كىم ئول شوخ قىلۇر ئەزم،
يوق ئاڭا تاماشاكى، ئېرۇر ئەلگە تاماشا.

(ئۇ گۈزەل تاماشا ئۈچۈن ھەر تەرەپكە بارىدۇ،
بىراق تاماشا ئۈنىڭغا ئەمەس، باشقىلارغا بولىدۇ.)

دەۋران ساڭا زۇلم ئەتسە، قەدەھلەر تولا مەي ئىچ،
قان يۇتساڭ ئاياغلار تولا دەۋرانغە نى پەرۋا.
(زامان ساڭا زۇلۇم سالسا، قەدەھ تولدۇرۇپ مەي ئىچىۋەر،
سىنىڭ قانچە قاچا قان يۇتقىنىڭ بىلەن زامانىنىڭ نىمە كارى؟)

ئول شوخكى مەيدان ئارا كۆرگەنگە سالۇر تىغ،
كۆرمەسكە سالۇر يەتسە نەۋائى سارى ئەمدا.
(ئۇ شوخ يار مەيداندا كۆرگەنلا ئادەمگە تىغ ئۇرىدۇ،
بىراق ناۋائىغا كەلگەندە كۆرمەسكە سالىدۇ.)

× × ×

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۈلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.
(گۈلىستاندىن ئايرىلغان بۇلبۇل قانداقمۇ ناۋا قىلسۇن،
تۇتىمۇ شەكەرىستاندىن ئايرىلسا سۆز لىمەيدىغۇ.)

ئول قۇياشنىڭ ھەجرىدە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغاندىن جۇدا.
(ئۇ قۇياشنىڭ پىراقىدا ئاھ ـ زارىمدىن
چىققان يالقۇن پەلەكنى ئۆرتىۋەتمىگەيدى دەپ قورقىمەن.)

دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانو نالە كوپ،
جىسىم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس، جاندىن جۇدا.
(مىنىڭ ھىجرانىمدا كۆپ نالە ـ پىغان چەكمەيسەنغۇ، دىمە،
نەپەس ۋە جاندىن ئايرىلغان تەن پىغان چىكەلەمدۇ؟)

ھەجر ئۆلۈمدىن تەلغ ئىمىش، مۇندىن سوك، ئەي گەردۇن، مىنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا، قىلغۇنچە جانانىدىن جۇدا.
(جۇدالىق ئۆلۈمدىن يامان ئىكەن، ئەي پەلەك، بۇندىن كىيىن
مىنى جانانىدىن جۇدا قىلغۇچە، جاندىن جۇدا قىل.)

بولسا يۈزىڭ جانىم ئال، ئەي ئەجەل، لىكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا، يا خۇد مىنى ئاندىن جۇدا.
(ئەي ھىجران، يۈزىڭ جىنىم بولسىمۇ ئال، لىكىن يارنى
مەندىن، مىنى ئۇنىڭدىن جۇدا قىلما.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەسلى ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى، ھامانا بىلدىكىم،
قىلغۇدەكتۇر سىزىبەھ ئانى شەمئى شەبىستانىدىن جۇدا.
(پەرۋانە ۋىسال پەيتىدە كۆيۈۋالدى، چۈنكى تاڭ ئۇنى
كېچىنىڭ چىرىغىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.)

بىر ئىيەسىز ئىت بولۇپ ئېردى نەۋائىي يارسىز،
بولماسۇن، يارەبكى، ھەرگىز بەندە سۇلتانىدىن جۇدا.
(يارسىز ناۋائىي ئىگىسسىز ئىتقا ئوخشاپ قالدى، ئەي
خۇدا، بەندەڭ ھەرگىزمۇ سۇلتانىدىن جۇدا بولمىسۇن.)

× × ×

يۈز سۆزۈمدىن بىرىگە بەرمەس جاۋاب ئول نۇش لەب،
ئاغزىنى يوقتۇر دېسەم، ۋاقىئەكى، ھېچ ئېرمەس ھەجەب.
(ئۇ لېۋى شېرىن يۈز سۆزۈمنىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى،
شۇڭا ئۇنى ئاغزى يوق دېسەم، ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس.)

نوقتەئى خالىڭ نىدىن شېرىن لەبىڭ ئۈستىدە دۇر،
نۇقتە چۈن ئاستىن بولۇر ھەر قايدا كىم يازىلسا لەب.
(چېكىت خالىڭ نېمىشقا شېرىن لېۋىڭنىڭ ئۈستىدە؟ قاچان بولمىسۇن،
«لەب» دېگەن خەت يېزىلسا چېكىت ئاستىدا بولاتتىغۇ!)

ۋەسلى نى يەتكىلىغ مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر، چۈن ئېرۇر،
دىلبەرىم نازۇك مىزاجۇ مەن بەغايەت بىئەدەب.
(مەن قانداقمۇ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولاي، چۈنكى دىلبەرىم
نازۇك مىجەز، مەن بولسام ناھايىتى ئەدەبسىز.)

گەر قۇياش دەرلەر يۈزۈڭنى، گەرم بولۇپ چەكمە تىغ،
ئەلگە جۇرمى يوق، ئىنار ئاسماندىن ھەر لەقەب.
(يۈزۈڭنى قۇياش دېسە، ئاچچىقلىنىپ تىغ تەڭلىمە، ئادەملەردە
نېمە گۇناھ، لەقەم دېگەن ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسە).

لە ئىلىڭ ئالسا چاكىڭ بىمان كۆڭلۈمنى نىتاڭ،
ئەي، مەلاھەت نەخلى، چۈنكىم خەستە سىز بولماس رۇتەب.
(لەئلى لېۋىڭ چاك كەتكەن كۆڭلۈمنى ئالسا، نېمە بولىدۇ،
ئەي، گۈزەل قامەت، خورمىنىڭمۇ چاك - چېكى بارغۇ.)

زىندەدىل مەجنۇنىنىڭ ئالمىش كۆڭلى چۈن لەيلىغە ھەي،
بەس، نى ئاسىغ ئانى ھەيدىن قاۋلاماغلىق، ئەي ئەرەب.
(خۇشدىل مەجنۇنىنىڭ كۆڭلى لەيلى ئۈچۈن ھاياتلىق ئىدى،
ئەي ئەرەب، ئۇنى ھەي قومىدىن قوغلاشنىڭ پايدىسى نېمە؟)

تالىپ ئۆلكىم تاپىماسلىق داغى بۇ بەسكىم، ئەيلەمەس
بىر نەفەس غاپىل سىنى مەتلۇب يانىدىن تەلەپ.
(مەقسەتكە ئېرىشەلمىسەڭمۇ تەلەپكار بولساڭ، غاپىل سىنى
تەلەپ قىلغۇچىنىڭ يېنىدىن ئاجرىتالمايدۇ).

قەھر بەرقى بىرلە رەھمەت يامغۇرى گەر بۆيلەدۇر،
بىلمىن ئېرمەس بولئەلا، نەۋمىد ئەمەستۇر بۇ لەھەب.
(غەزەپ چاقمىقى بىلەن شەپقەت يامغۇرى شۇنداق نەرسىكى،
ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇ بوئەلا بىئارام بولسا، ئۇ بولەھەب ھەرگىز نائۈمىد ئەمەس).

گەر نەۋا تاپسا نەۋائى لەبلەرىڭنىڭ زىكرىدىن،
تاڭ ئەمەستۇر، چۈن مۇدام ئەفزۇن بولۇر مەيدىن تەرەب.
(نەۋائى لېۋىڭدىن تامغان سۆزدىن پەيزى تاپسا ئەجەبلىنەرلىك
ئەمەس. چۈنكى شاراب بىلەن كىشىنىڭ كەيپى چاغ بولىدۇغۇ).

× × ×

كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
تىفل يەڭلىغكىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەف ئاھۇ كۆرۈپ.
(بىر جادۇ كۆزلۈكنى كۆرۈپ، كۆز يېشىم شۇنداق ئاقتىكى،
خۇددى كىچىك بالا كېيىكنى كۆرۈپ، ھەر ياققا يۈگۈرگەندەك).

قالدى ھەيران زاھىد ئەشكىمدە كۆرۈپ ھەريان ھۇباب،
رۇستا يىدەككى، ھەيرەت ئەيلەگەي ئوردۇ كۆرۈپ.
(كۆز يېشىمدا كۆۋۈكلەرنى كۆرگەن زاھىت شۇنداق ھەيران
قالدىكى، گويا بىر سەھرالىق لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولغاندەك).

جان ئارا تىغىڭ كۆرۈپ كۆڭلۈم قۇشى تۈزدى نەۋا،
تۈتىمىدەككىم، تەككەللۇم ئەيلەگەي كۆزگۈ كۆرۈپ.
(جېنىمغا سانجىلغان تىغنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم قۇشى نەۋا قىلدى،
خۇددى تۇتى ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ سۆزلەپ كەتكەندەك).

ۋادەئى ئىشقىڭ ماكان قىلدى كۆڭۈل كۆرگەچ يۈزۈڭ،
ئەل بىيابان ئىچرە مەنزىل ئەيلەگەندەك سۇ كۆرۈپ.
(كۆڭلۈم يۈزۈڭنى كۆرۈش بىلەن ئىشقىڭ ۋادىسىنى ماكان تۇتتى،
خۇددى كىشىلەر باياۋاندا سۇ باز يەرنى كۆرۈپ، شۇ يەرگە چۈشكەندەك).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار


△ يېقىندا باتۇر روزى ھازىرقى زامان چەت ئەل شېئىرىيىتىدە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان 110 شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ نەشرىياتقا تاپشۇردى، تەرجىمە قول يازمىسى 1000 ئورىگىنال ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 20 نەچچە ئاپتور «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

△ پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېغىر ھادىسىگە ئۇچراپ 70 يېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.


△ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە ئۇرغۇن يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىلىرى مەيدانغا كەلمەكتە. مەسىلەن: گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جۇڭشەن شەھەرلىك ئەينەك سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى ئۆز قارمىقىدا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇرغان بولۇپ، بۇ بىرلەشمە قۇرۇلغان بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىركەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغىمۇ ئۆز ھەسسىسىنى قوشماقتا.

△ شەرق مەدەنىيىتى، شەرق پەلسەپىسى غەربلىكلەر ئەزەلدىن قىزىقىپ كېلىۋاتقان چوڭ تېما. شەرق مەدەنىيىتى پەقەت شەرقلىقلەرلا چۈشىنىدۇ. ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر تەن ئېنمېننىڭ «سائادەت بەزمىسى»، «ئايال پېرىخون» ناملىق ئىككى رومانى ئامېرىكا «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ بازىرى ئىتتىك كىتابلار تىزىملىكىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان.

تەن خانىم گەرچە ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى روماندا ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغان جۇڭگولۇق ئانا بىلەن غەربلەشكەن قىزى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى نۇقتىسىدىن كۆزىتەلىگەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىپ ئۆزگىچە مەنىۋى دۇنيانى ياراتالىغان.




ئەدەبىي ھەۋەسكارلار تۇيۇقتا






تۇيۇقتىكى مىڭ ئۆي

ئەدەبىي ھەۋەسكارلار سۇلايمان ۋاڭ مۇناردا.





ئەدەبىي ھەۋەسكارلار تۇيۇق مىڭ ئۆيدە

ئەكبەر فوتوسى

www.uyghurkitap.com



《天尔塔格》文学双月刊 Tangritag Two Monthly Literature Journal In Uygur Language «تەڭرىتاغ»

1992年第5期 1992 ـ يىل 5 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电　　话：218897邮政编码：830002
印　　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号CN65－1012／1
邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 ـ خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83 ـ 58

零售价：1.20元

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن